چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# تام تاغىنىڭ كەپىسى

ستو [ئامېرىكا]



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: روشەنگۇل تۇرسۇن
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرلىرى: ئازات بارات
ئېرجان تۆلەۋ
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: مۇبارەك غاپپار
ھەبىبۇللا ئېلى
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر: ياسىن ئۇبۇلقاسىم
تۇرغۇنجان سۇلتان



ISBN 7 - 80658 - 920 - 1
باھاسى: 7.50 يۈەن

ISBN 7-80658-920-1
9 787806 589205 >

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# تام تاغىنىڭ كەپىسى

ستو [ئامېرىكا]

تەرجىمە قىلغۇچى: قادىر راخمان



## 图书在版编目（C I P）数据

汤姆叔叔的小屋/(美)斯陀夫人(Stowe, H. B.)著；朱光政编；卡德尔·热合曼译. —乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社，2006.5

ISBN 7-80658-920-1

Ⅰ.汤… Ⅱ.①斯… ②朱… ③卡… Ⅲ.长篇小说—美国—近代—缩写本—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I712.44

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 037211 号


بۇ كىتاب جۇڭگو بالىلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2000 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

چەت ئەل نامىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

**تام تاغىنىڭ كەپىسى**


شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ [illegible]

شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك

شىركىتىدە بەت ياسالدى

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

فورماتى: 787 × 970mm 1/32؛ باسما تاۋىقى: 6.75

ISBN 7 - 80658 - 920 - 1

باھاسى: 7.50 يۈەن

本书根据中国少年儿童出版社 2000 年 12 月第 1 版第 1 次印刷版本翻译出版。

**责任编辑:** 茹鲜古丽·吐尔逊

**美术编辑:** 阿扎提·巴拉提
叶尔江·铁流

**责任校对:** 艾比布拉·艾力
穆巴拉克·阿帕尔

**审　　订:** 亚森·吾不力哈斯木
吐尔洪江·苏里坦

世界经典文学作品赏析

**汤姆叔叔的小屋**（维文）

卡德尔·热合曼　译

新疆美术摄影出版社出版
新疆新华书店发行
新疆漢尔通(MORTOM)印刷有限责任公司制版
新疆新华印刷厂印刷
2006 年 5 月第 1 版　2006 年 5 月第 1 次印刷
开本: 787×970 毫米　1/32　印张: 6.75
ISBN 7-80658-920-1

定价: 7.50 元
如遇质量问题请与新疆美术摄影出版社出版科联系
电话: 0991-4521461

2 ـ ئاي كۈنلىرىدىكى بىر كەچتە، كېنتۇككى شتاتىنىڭ P شەھىرىدىكى بىر ئائىلىنىڭ ناھايىتى ئېسىل جابدۇنغان مېھمانخانىسىدا ئىككى مۆتىۋەر جاناب ئولتۇراتتى. مېھمانخانىدا چاكار يوق؛ ئۇلار ئىككىسى بىر ـ بىرىگە ناھايىتى يېقىن ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قانداقتۇر بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ناھايىتى ئەستايىدىل مۇزاكىرىلىشىۋاتقانلىقى روشەن ئىدى.

ھېكايىمىزنى بايان قىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، بىز بۇ ئىككىيلەننى مۆتىۋەر دېدۇق. ئەمما، قاتتىق ئۆلچەم بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ مۆتىۋەر دەپ ئاتىلىشقا سالاھىيىتى توشمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ پاكار، دوغىلاق، تۇرقى ـ سىياقىدىن بىر تومپاي، كېلىپ چىقىشى ناھايىتى تۆۋەن بولسىمۇ، ئەمما پۈتۈن كۈچى بىلەن يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر قاتلىمىغا قىستىلىپ كىرىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان بىر ئەبلەخ ئىدى.

ئۇنىڭ ھەمراھى شېلبى ئەپەندىنىڭ قىياپىتىدىن بولسا ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق مۆتىۋەرلىك چىقىپ تۇراتتى، ئۇلار ئىككىسى ھەقىقەتەن بىر مەسىلە ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇزاكىرىلىشىۋاتاتتى.

— بۇ ئىش مۇشۇنداق بېكىتىلدى ئەمەسمۇ، — دې-
دى شېلبى ئەپەندى.

— بۇنداق سودىنى مەن قىلالمايمەن، راستىنىلا
قىلالمايمەن، شېلبى ئەپەندى، — دېدى قارشى تەرەپ.

— بىراق تام ھەقىقەتەن باشقىلارغا ئوخشىمايدۇ،
ئۇنىڭغا ئوخشاش بۇنداق قۇلنى نەگىلا ئاپارسىمۇ چوقۇم
بۇ باھاغا يارايدۇ.

— سىز دەۋاتقان سەممىيلىك نېگىرلارغا قارد-
تىلغانغۇ دەيمەن، — دېدى ھاررى ۋە سۆزلەۋېتىپ يەنە
بىر رومكا براندى قۇيدى.

— ئۇنداقتا، ھاررى، سىزنىڭچە بۇ سودىنى قانداق
قىلىمىز؟ — دېدى شېلبى ئەپەندى خاتىرجەمسىزلەنگەن
ھالدا نەچچە دەقىقە ئويغا چۆككەندىن كېيىن.

— تامدىن باشقا يەنە بىر ئوغۇل بالا ياكى بىر قىز
بالا قوشۇپ بېرەمسىز قانداق؟

دەل شۇ پەيتتە ئىشىك ئېچىلىپ، بىر كىچىك
ئوغۇل بالا كىرىپ كەلدى. بۇ بالا بەكمۇ چىرايلىق،
ئۇماق ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئادەمنىڭ كۆلگۈسىنى
كەلتۈرىدىغان ئىشەنچ ۋە خىجىللىق چىقىپ تۇرغان
روھىي ھالىتىدىن ئەزەلدىن خوجايىنىنىڭ ياخشى كۆ-
رۈشىگە مۇيەسسەر بولۇپ كېلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇ-
راتتى.

— جىم كىلائۇس، — دەپ ۋارقىرىدى شىلبى ئەپەندى، ئاندىن بىر تەرەپتىن ئىسقىرتىپ، بىر تەرەپتىن بىر سىقىم يېمىشنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئاتتى.

كىچىك بالا يۇگۈرگەن پېتى بېرىپ بۇ ئىنئامنى تېرىۋالدى، ئۇنىڭ خوجايىنى بىر چەتتە ئولتۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

بۇ چاغدا مېھمانخانىنىڭ ئىشىكى ئاستا ئېچىلىپ، تەخمىنەن يىگىرمە ياشلار ئەتراپىدىكى چىرايلىق بىر چوكان كىردى.

بىر قاراپلا بۇ چوكاننىڭ ھېلىقى ئوغۇل بالىنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. چوكاننىڭ تېرىسى قوڭۇر بولۇپ، مەڭزىدىن سەل قىزىللىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىگە ئىنتايىن ياراشقان كوفتا-يوپكا كىيگەن بولۇپ، ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنى ۋە قامالاشقان فىگۇرىسى تولۇق نامايان بولۇپ تۇراتتى. ھەتتا ئۇنىڭ يۇمران قوللىرى، ئىنچىكە پۇتلىرى ۋە ئوشۇقى قاتارلىق بەدىنىنىڭ ئوچۇق قىسىملىرىمۇ بۇ ئادەم بېدىكىنىڭ مۇشۇكىنىڭكىدەك كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى مۇنداق ئىشلارغا پىششىپ كەتكەن بولۇپ، بىر قاراپلا بىر گۈزەل ئايال قولىنىڭ بەدىنىنىڭ ھەربىر قىسمىنى ئېنىق كۆرۈپ يېتەلەيتتى.

— نېمە ئىش بار، ئېلىزا؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭ

خوجايىننى بۇ چوكاننىڭ ئۆزىگە قاراپ ئىككىلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ.

— كەچۈرسىلە، بېگىم، ھارررىنى ئىزدەۋاتىمەن، — ئۇ ئوغۇل بالا سەكرەپ ئويناقلىغان پېتى چوكانغا قاراپ يۈگۈردى.

— ھە، بولىدۇ، ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كېتىڭ! — دېدى شېلبى ئەپەندى. چوكان دەرھال بالىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

— ياللا، — دېدى ئادەم بېدىكى مەستلىكى كەلگەن ھالدا شېلبى ئەپەندىگە بۇرۇلۇپ، — بۇ ھەقىقەتەن ئالىي دەرىجىلىك مال ئىكەن! مەن ئىلگىرى كۆپ كۆرگەن، كىشىلەر مىڭ دوللار خەجلەپ سېتىۋالغان قىزلار مەيلى ھۆسن ـ جامالى ياكى بەدەن قۇرۇلمىسى جەھەتتە بولسۇن، ھېچقايسىسى سىزنىڭ بۇ قۇلىڭىزغا يەتمەيدىكەن.

— مېنىڭ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ باي بولۇۋالغۇم يوق، — دېدى شېلبى ئەپەندى سوغۇققىنە.

— ئەمىسە، ئاشۇ ئوغۇل بالىنى قوشۇپ بېرىڭ، — دېدى قۇل بېدىكى، — مېنىڭ ئۇنى قوشۇپ بېرىڭ دېگەنلىكىم ناھايىتى كۆپ يول قويغىنىم.

— مەن بىر ئويلىنىپ باقاي، ئايالىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقاي، — دېدى شېلبى ئەپەندى، —

هارىرى، بۇ يەردىكى چېغىڭىزدا مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلىسىڭىز، ئەتراپتىكىلەر بۇ ئىشنى بىلىپ قالمىسا، بۈگۈن كەچ سائەت 6 ـ 7 لەردە كېلىڭ، شۇ چاغدا جاۋابنى ئاڭلايسىز.

قۇل بېدىكى ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتتى.

شىبلىي ئەپەندى كىشىلەرگە خېلىلا ھېسداشلىق قىلىدىغان ئادەم ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ قورۇقىدىكى نېگىر قۇللار ماددىي جەھەتتە بىرەر نەرسىدىن قىسىلمايتتى. ئەمما ئۇ ھەدەپ ھايانكەشلىك سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىۋەرگەچكە، ئېغىر قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان، قەرز ھۆججەتلىرىنىڭ كۆپى ھارىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. مانا بۇ بايىقى سۆھبەتنىڭ سەۋەبى ئىدى.

ئىلىزانى كىچىكىدىنلا ئايال خوجايىن بېقىپ چوڭ قىلغان، ئايال خوجايىن ئۇنى ياخشى كۆرەتتى ۋە باشتىلا ئەركە ئۆگىتىپ قويغانىدى.

ئۇ چوكان قوشنا قورۇقتىكى جورجى ھارىس ئىسىملىك بىر ئەرگە ياتلىق قىلىنغان، ئۇ ئەقىللىق، ناھايىتى قابىل يىگىت ئىدى.

ھارىسنىڭ خوجايىنى ئۇنى بىر چىپتا تاغار زاۋۇتىغا ئىشلەپ بېرىشكە ئىجارىگە بەرگەن، ھارىس زېرەك، قولى ئەپچىل، ئىشقا پىششىق بولغاچقا، زاۋۇتتا ھەممىدىن ما-

ھەر ئادەم دەپ قارالغان ھەمدە چىگە تازىلاش ماشىنىسىنى كەشىپ قىلغانىدى.

ھارىس كېلىشكەن، مۇلايىم يىگىت بولۇپ، زاۋۇتتىكى ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ خوجايىنىنى خاپا قىلىپ قويدى، ئۇنىڭ خوجايىنى مەن ئۇچۇن بىر سەتچىلىك دەپ قارىغانىدى. ئۇنىڭ قولىنىڭ يېزىدا خالىغانچە ئۇياقتىن ـ بۇياققا چېپىپ يۈرۈپ، قانداقتۇر ماشىنا دېگەندەك نەرسىلەرنى كەشىپ قىلىشىغا نېمە ھەددى بولسۇن؟ مۆتىۋەر جانابلار ئالدىدا بېشىنى كۆتۈرۈپ، مەيدىسىنى كېرىپ يۈرۈشكە نېمە ھەددى بولسۇن؟ خوجايىنى ھارىسنى قورۇقتا قايتۇرۇپ كەتمەكچى، ئۇنى ئاپىرىپ ئوت ئورۇشقا، يەر ئاغدۇرۇشقا سالماقچى بولدى.

— قېنى، سېنىڭ يەنە كۆرەڭلەپ، ھەممە يەردە چېپىپ يۈرگىنىڭنى بىر كۆرۈپ باقاي، — دەپ ئويلىدى خوجايىن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ زاۋۇت خوجايىنىغا ھازىرلا ھارىسنى ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، زاۋۇت خوجايىنى ۋە ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ھەيران قالدى.

بۇ تۇيۇقسىز خەۋەرنى ئاڭلىغاندا، ھارىس ھەيران قالغىنىدىن قېتىپ تۇرۇپلا قالدى، ئۆزىنىڭ بۇ شۇم تەقدىرگە قارشى تۇرۇشقا چارىسىزلىقىنى ھېس قىلدى.



جورجى ھارىس قورۇققا قايتۇرۇپ كېلىنىپ، ئەڭ ئېغىر ئەمگەككە سېلىنىدى، ئەمما ئۇ بەربىر بىر جاڭ- سىز نەرسە ئەمەس ئىدى.

ئۆكتەم، رەھىمسىز خوجايىن بارلىق ئاماللار بىلەن ئۇنى ئازابلىدى، ھاقارەتلىدى، ئۇ بۇ ئازابقا زادىلا بەرداش- لىق بېرەلمەي قالدى. ئۇ خوجايىنىنىڭ ئۆزىنى جەنۇب تەرەپكە سېتىۋەتمەكچى بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئاخىر قەتئىي ھالدا بۇ يەردىن كېتىش قارارىغا كەلدى.

— بولدى، ئېلىزا، سۆيۈملۈكۈم، — دېدى ھارىس قايغۇ بىلەن، — قەيسەر بول، خەير - خوش، مەن كاناداغا كېتىمەن! مەن ئۇ يەرگە بېرىۋالغاندىن كېيىن، كېلىپ سېنى سېتىۋالىمەن! بۇ بىزنىڭ بىردىنبىر ئۇمىدى- مىزغۇ. تەڭرىنىڭ مېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىشىنى تى- لەيمەن.

— ۋاي تەڭرىم، بۇ بەك قورقۇنچلۇق ئىش ئىكەن. ناۋادا تۇتۇلۇپ قالسىڭىز قانداق قىلىمىز؟

— مەن ھەرگىز تۇتۇلۇپ قالمايمەن، يا ئۆلىمەن، يا كۆرۈم! بولدى، ئەمدى خوش دەيمەن! — دېدى ھارىس. ئىككىسى سۈكۈت ئىچىدە بىردەم بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئايرىلىشتى.

تام تاغىنىڭ ئۆيى ياغاچتىن ياسالغان كەپە ئىدى. كەپە ئالدىدا كىچىككىنە ھويلا بولۇپ، ناھايىتى رەتلىك

يىغىشتۇرۇلغانىدى.

ئالدىنقى قورۇدىكى كەچلىك تاماق تارتىلىپ بولـ
غان، ئاشپەز كرووۋ هاما تاماقنى ئېتىپ بولغاندىن
كېيىن، ئاشخانىدىكى قاچا ـ قومۇچلارنى يۇيىدىغان،
تازىلىق قىلىدىغان ئىشلارنى قول ئاستىدىكىلەرگە تاپـ
شۇرۇۋېتىپ، «ھەمراھىغا تاماق ئېتىپ بېرىش ئۈچۈن»
ئۆزىنىڭ ئىللىق، راھەتلىك ئۆيىگە قايتىپ كەتكەندى.
كرووۋ هاما ھەقىقەتەن ھەممە بىلىدىغان ۋە ئېتىراپ
قىلىدىغان باش ئاشپەز ئىدى.

تام تاغا بۇ ئەتراپتىكى دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئا-
ساسچىسى ئىدى. ئۇ ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشنى ئاساس
قىلغان بىر ئىستىخىيىلىك تەشكىلات قۇرغان، ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئۇ باشقا قېرىنداشلىرىغا قارىغاندا كەڭ قور-
ساق، ئالىي پەزىلەتلىك بولغاچقا، كۆپچىلىك ئۇنى
ھۆرمەتلەيتتى، ھەممىيلەن ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ «باستېر»
ى دەپ قارايتتى. «ئىنجىل» دىكى پەند ـ نەسىھەتلەر،
ئايەتلەر ئۇنىڭ تەن ۋە روھىغا سىڭىپ كەتكەندەك، ئۇ-
نىڭ ۋۇجۇدىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەندەك
قىلاتتى، شۇڭا ئۇ ھەمىشە ئىختىيارسىز ھالدا ئىنجىل-
دىن سۆزلەپ كېتەتتى.

بۇ چاغدا ھېلىقى قۇل بېدىكى بىلەن شىلبى ئە-
پەندى ھېلىقى مېھمانخانىدىكى شىرە ئالدىدا ئولتۇراتتى،

شىرەدە بەزى توختاملار تۈزاتتى.

شېلبى ئەپەندى خۇددى كىشىنىڭ كۆڭلىنى خاپا قىلىدىغان بىر سودىنى پۈتتۈرۈشكە ئالدىراۋاتقاندەك، ئالدىراپلا ئۆزىگە ئۆزىتىلغان توختامغا قول قويۇپ، ئاندىن توختام ۋە پۇلنى قارشى تەرەپكە ئۇزاتتى.

— ياخشى بولدى، بۇ ئىشىمىز پۈتتى! — دېدى قول بېدىكى ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

— مەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنىڭغا بىر ياخشى ئادەم تېپىپ بېرىمەن، مەن ئۇنىڭغا ھەرگىز ئۇۋال قىلمايمەن، سىزنىڭ بۇنىڭدىن ئەنسىرىشىڭىز ھاجەتسىز.

شېلبى ئەپەندى بىلەن ئۇنىڭ خانىمى ياتىقىغا كىرىپ دەم ئالماقچى بولدى. شېلبى خانىم ئېرىگە بۇرۇلۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئارتور، سىزدىن سوراپ باقاي، بۈگۈن ئۆيىمىزگە كېلىپ تاماق يېگەن بۇ تومپاي ئەبلەخ كىم؟

— ئۇنىڭ ئىسمى ھاررى، — دېدى شېلبى ئەپەندى، ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئولتۇرغان جايىدىلا بۇرۇلۇپ، ئالدىكى خەتكە تىكىلىپ قالدى.

— ئۇ قول بېدىكىغۇ دەيمەن؟ — دېدى شېلبى خانىم ئېرىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىدىن بىرئاز خاتىرجەمسىزلىك چىقىپ تۇرغانلىقىنى سەزگەن ھالدا ئۇنىڭغا

تىكىلىپ قاراپ.

— ئىش قىلىپ، ھامان بىر كۈنى ھەممىنى بىلىسەن، ئىش مۇشۇنداق: مەن تام بىلەن ھاررىنى ئۇنىڭغا سېتىپ بېرىشكە ماقۇل بولدۇم.

— قورۇقىمىزدا شۇنچە كۆپ چاكارلار تۇرسا، نېمىشقا ئۇ ئىككىسىنىلا تاللىدىڭىز؟

— ئۇ ئىككىسىنىڭ باھاسى باشقا ھەرقانداق قۇلنىڭكىدىن يۇقىرى، بۇنىڭدىكى سەۋەب ئەنە شۇ. سەن شۇنداق دەۋاتقاندىكىن، مەن ئەمىسە يەنە بىر قۇلنى تاللاي. ئەگەر سەن مۇۋاپىق دەپ قارىساڭ، ئۇ كىشى يۇقىرى باھا بىلەن ئېلىزانى سېتىۋېلىشنى خالايدىكەن، — دېدى شېلبى ئەپەندى.

— ھۇ زومىگەر ئەبلەخ! — دېدى شېلبى خانىم غەزەپ بىلەن، شېلبى ئەر ـ ئايال ئىككىسى ياتىقىدا سۆزلىشىۋاتقاندا، بىر كىشىنىڭ ئۇلارنىڭ پارىڭىنى باشتىن ـ ئاخىر ئاڭلاپ تۇرغانلىقى ئۇلار ئىككىسىنىڭ زادىلا خىيالىغا كەلمىدى.

ئۇلار ئىككىسىنىڭ ياتىقىنىڭ ئۇ تېمىنىڭ ئارقىسىدا بىر چوڭ تام ئىشكاپى بولۇپ، ئېلىزا بۇ ئىشكاپقا كىيىم ئېسىۋاتاتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىگە ئاستا كىردى. كارىۋاتنىڭ بىر تەرىپىدە ئۇنىڭ ئوغلى تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى.

ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى بالىسىنىڭ ياستۇقىغا ئېقىپ چۈشمىدى. مۇنداق جىددىي خەۋپ ـ خەتەر ئىچىدە ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى قۇرۇغان، ئەمما يۈرىكىدىن قان ئاقماقتا، ئۇندىمەستىن قان ئاقماقتا ئىدى. ئۇ قەغەز ۋە قېرىنداش ئېلىپ، ئالدىراشلىق، ئىچىدە مۇنداق دەپ يازدى:

*«خانىم! سۆيۈملۈك خانىم! مېنى ۋاپا قىلغانىنى بىلمەيدىغان، تاش يۈرەك، رەھىمسىز ئايال ئىكەن دەپ قالماڭ! مەن سىز بىلەن بېكىمنىڭ بۈگۈن ئاخشام قىلىشقان گەپلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدىم. مەن بالامنى چوقۇم قۇتقۇزۇشۇم كېرەك. مېنى ئەيىبلىمەسلىكىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. سىزدەك مېھرىبان خانىمنى تەڭرى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، بەخت ئاتا قىلغاي!»*

ئۇ دەرھال خەتنى قاتلاپ كونۋېرتقا سېلىپ، تېشىغا خەت يازدى. ئاندىن ئىشكاپ ئالدىغا بېرىپ، بالىسىغا بىرقانچە قۇر كىيىم ئالدى. ئاندىن بالىسىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئاۋازىڭنى چىقارما دەپ تاپىلاپ، كارىدورنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ تام تاغىنىڭ كەينىنىڭ دېرىزىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى ـ دە، دېرىزىنى يېنىك چەكتى.

ئىشىك ئېچىلىپ، قولىدا كالا يېغىدا ياسالغان شام تۇتقان تام تاغا چىقتى، شام يورۇقى قاچقۇنغا چۈشتى،

ئىلىزا ئالاقزادىلىك ئىچىدە تۇراتتى.

— تام تاغا، كرووۋ هامما، مەن قاچماقچىمەن! بالام-نى ئېلىپ قېچىپ كېتىمەن. بۈگۈن مەن خانىمنىڭ ياتىقىنىڭ يېنىدىكى ئۆيدىكى كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئال-دىغا كېلىپ، بېگىمنىڭ خانىمغا ئۆزىنىڭ تام تاغا بى-لەن هارىرىنى بىر قۇل بېدىكىگە سېتىۋەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ سەهەردىلا سىرتقا چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۇ قۇل بېدىكىنىڭ تاڭ سەهەردە كېلىپ ئادەملەرنى ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

ئىلىزا بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، تام تاغا ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، كۆزلى-رىنى چەكچەيتكىنىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغانىدى.

— بوۋاي، نېمىشقا سەنمۇ قېچىپ كەتمەي-سەن؟ — دېدى كرووۋ هامما.

تام تاغا ئاستا بېشىنى كۆتۈردى، ئۇ ناهايىتى غەم-كىن، ئەمما قىلچە هودۇقماي ئەتراپقا قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— ياق، بولمايدۇ، مەن كەتمەيمەن، ئىلىزا كەتسۇن! بۇ ئۇنىڭ هوقۇقى! مەن هېچنېمىنى دېمەيمەن، ئەگەر ئۇنى ماڭدۇرمىسام بەك تاش يۈرەكلىك بولىدۇ. بېگىم ئەزەلدىن مېنى ئىشەنچلىك دەپ قاراپ كەلگەن، مەن ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى ئەزەلدىن يەردە قويمىغان، بۇنىڭدىن

كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويمايمەن. پۇتكۇل قورۇقنىڭ ۋەيران بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، بېگىم ئەڭ ياخشىسى يالغۇز مېنىلا سېتىۋەتسۇن. كىروۋ، بۇ ئىشتا بېگىمنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ، — دېدى.

— بولىدۇ، — دېدى ئىلىزا ئىشىكتە تۇرۇپ، — مەن بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئاران تېخى ئېرىم بىلەن كۆرۈشكەنىدىم، ئۇ چاغدا مەن تېخى بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئۇقمايتتىم. ئۇلار ئۇنى تويۇق يولغا كىرگۈزۈپ قويدى، ئۇ بۈگۈن ماڭا ئۆزىنىڭ قېچىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەگەر مۇمكىنچىلىك بولسا، نېمىلا بولمىسۇن، ئۇنىڭغا: مېنىڭ قانداق كەتكەنلىكىم، نېمىشقا كەتكەنلىكىم توغرىسىدا بىر خەۋەر بېرىپ قويساڭلار. مەن بىر ئامال قىلىپ كاناداغا قېچىپ كېتىمەن، — ئۇ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە بېشىنى بۇراپ، قۇچىقىدىكى قورقۇپ كەتكەن، كۆزلىرى گۇمان بىلەن تولغان ئوغلىنى چىڭ قۇچاقلىدى ـ دە، ئۇنىدىمەي ئىتتىك مېڭىپ كەتتى.

شېلبى ئەر ـ خوتۇن ئالدىنقى ئاخشىمى خېلى بىر ۋاقىتچە پاراڭلاشقاچقا، ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئادەتتىكىدىن ۋاقىتچە ئورنىدىن تۇردى.

شېلبى ئەپەندى كىچىك ئايلانما ئەينەك ئالدىدا ئۇستىرىسىنى بىلەندى، ئىشىك ئېچىلىپ، بىر نېگىر

بالا شىلبى ئەپەندىگە ساقال ئېلىش ئۈچۈن سۇ ئەكىرىپ بەردى.

— ئەندى! — دەپ چاقىردى ئايال خوجايىن، — ئىـ لىزانىڭ خانىسىغا كىرىپ قاراپ باق، ئۇنىڭغا ئېيت، مەن ئۈچ قېتىم قوڭغۇراق چېلىپ ئۇنى چاقىردىم، ھەي بىچارە چوكان! — ئۇ يەنە ئۆزىچە بىرنېمىلەرنى دەپ ئاھ ئۇرۇپ قويدى.

ئەندى ناھايىتى تېزلا قايتىپ كىردى، ئۇ ھودۇقۇپ كەتكەن، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەندى.

— ۋاي تۇۋا، خانىم، لىسىنىڭ خانىسى ئوڭـتەي ـ توڭتەي بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇ قېچىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ!

شىلبى ئەر ـ خوتۇن بىردىنلا چۆچۈپ ئويغانغاندەك بولدى، شىلبى ئەپەندى ۋارقىراپ كەتتى:

—ئۇنداقتا، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئاللىقاچان گۇمان چۈشۈپتىكەندە، شۇڭا قېچىپ كېتىپتۇ ـ دە!

— تەڭرىمگە شۈكۈر، شۇنداقتەك تۇرىدۇ! — دېدى شىلبى خانىم.

بىردىنلا يۇگۈرگەن ئاياغ تاۋۇشى، ۋارقىرىغان ئاۋاز- لار، ئىشىكنى ئاچقان ـ ياپقان ئاۋازلار بىلەن ساق 15 مىنۇت ئۆرتۆپىچىلىك بولدى.

ھاررى كەلدى، ئۇنىڭ پۈتىدا شىنورلۇق ئۆتۈك بار ئىدى. ئۇ بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئاغزىنى بۇزۇپ ۋار-

قىراپ كەتتى:

— شىلبى ئەپەندى، بۇ سودىدا مەن بەك زىيان تار-تىدىغان بولدۇم! — هاررى غەزەپ بىلەن مېھمانخانىغا كىردى، — قارىغاندا، ھېلىقى خوتۇن بالىسىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ - دە!

— هاررى ئەپەندى، — دېدى شىلبى ئەپەندى، — مې-نىڭ ئاتلىرىم ۋە چاكارلىرىمنى ئىشقا سېلىپ، مال - مۈلكىڭىزنى تېپىپ كېلىڭ!

شىلبى ئەپەندى چاكارلىرىدىن سام ۋە ئەندىنى چاقى-رىپ، هاررى ئەپەندى بىلەن بىللە ئېلىزانىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

تامنىڭ پېشكەللىككە ئۇچرىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ئۇنىڭ قورۇقتىكى ھەمراھلىرى ئارىسىدا غۇلغۇلا قوزغىدى. ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ، قورۇق ۋە ئېتىزلاردىكى ئىشنىڭ ھەممىسى توختىغانىدى. ئېلىزا-نىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىمۇ ناھايىتى چوڭ غۇلغۇلا قوز-غىدى.

قاچقۇنلارنى قوغلاش جەريانىدا، سام ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىشنى كەينىگە تارتتى، هاررىنى باشلاپ بىرمۇنچە بىھۇدە يوللارنى ماڭغۇزدى، بۇنىڭ بىلەن ئېلىزانىڭ قې-چىپ كېتىشى ئۈچۈن قىممەتلىك ۋاقىتنى قولغا كەل-تۈرۈپ بەردى. هازىر ئېلىزانىڭ ئارقىسىدىن قوغلاۋاتقان

ئۈچ ئادەم شىمالغا قاچقاندا ئۆتمىسە بولمايدىغان مۇھىم ئۆتكەل ئوھىئو دەرياسىنىڭ كېچىككە كەلدى.

ئۇلار يولدا نۇرغۇن توسقۇنلۇقلارغا ئۇچراپ، 7 كەنتىكە كەلگەندە، ئىلىزا دېرىزە ئالدىدا باشقا بىر ياققا قاراپ تۇراتتى. كۆزى ئۆتكۈر سام ئۇنى كۆردى. ھاررى ۋە ئەندى ئۇنىڭدىن ئىككى يارد ئارقىدا كېلىۋاتاتتى. بۇ جىددىي پەيتتە سام قەستەن شىلەپىسىنى ئۇچۇرۇۋەتتى، ئاندىن بىردىنلا قاتتىق ۋارقىرىدى، بۇ ئاۋاز ئىلىزانى چۆچۈتۈۋەتكەچكە، دېرىزە ئالدىدىن دەرھال كەينىگە داجىدى. ئۈچ ئادەم دېرىزە ئالدىدىن ئۆتۈپ، سارايىنىڭ ئىشىكى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئىلىزا ئۈچۈن بۇ قىل ئۈستىدىكى ھايات ـ ماماتلىق پەيت ئىدى. ئۇ تۇرۇۋاتقان خانىنىڭ ئىشىكى دەريا تەرەپكە قارايتتى. ئۇ بالىسىنى كۆتۈرۈپ، پەلەمپەيدىن يۈگۈرگەن پېتى چۈشۈپ، دەريا تەرەپكە قاچتى. ئۇ دەرياغا قاراپ قېچىۋاتقاندا، قۇل بېدىكى ئۇنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ۋارقىراپ، سام بىلەن ئەندىگە ئۇنى قوغلاشقا بۇيرۇدى. ئىلىزا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ بىردەمدىلا قاشقا كەلدى. كىشىلەر ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتاتتى، ئىلىزا پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ قاتتىق ۋارقىراپ، بىرلا سەكرەپ دەريا لېۋىدىكى لاي سۇدىن ئۆتۈپ، سۇدىكى مۇز ئۈستىگە چىقىۋالدى، ھار-

رى، سام ۋە ئەندىلەر ئىختىيارسىز قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ھەيرانلىقتىن چۇرقىرىشىپ كەتتى.

ئىلىزانىڭ مۇز ئۈستىگە چىقىشى بىلەن كۆپكۆك مۇز پارچىسى چايقىلىپ، ئەتراپتىكى مۇز پارچىلىرىغا ئۈرۈلۈپ غاراسلاپ كەتتى. ئەمما ئۇ ھەرگىز توختاپ قالماي، پۈتۈن كۈچى بىلەن يىقىلىپ-قوپۇپ بۇ مۇز پارچىسىدىن ئۇ مۇز پارچىسىغا سەكرەپ كېتىۋەردى. ئۇنىڭ ئايىغى چۈشۈپ قالدى، پايپىقى يىرتىلىپ كەتتى، ھەر قەدەمدە قان ئىزى قالدى، ئەمما ئۇ ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمىدى، ھېچنېمىنى سەزمىدى، ئاخىر ئۇ دەريا-نىڭ ئوھىئو شتاتى تەرەپتىكى قىرغىقىنى غۇۋا كۆردى، بىر ئەر ئۇنىڭ قىرغاققا چىقىشىغا ياردەم بەردى.

— كىم بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، باتۇر ئايال ئى-كەنسىز! ئاۋۇ يەرگە بېرىپ ياردەم تەلەپ قىلىڭ! — دېدى ئۇ كەنت سىرتىدىكى يەككە-يېگانە تۇرغان ئاق ئۆينى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ئۇ يەرگە بېرىڭ، ئۇ يەردە سىزگە خەۋپ يەتمەيدۇ، باشقىلارغا ياردەم بېرىش ئۇلار-نىڭ بۇرچى.

— تەڭرى سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، — دېدى ئىلىزا چىن قەلبىدىن.

ئىلىزا بالىسىنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ، تېخىمۇ مەزمۇت قەدەم بىلەن تېز يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئەر ئۆز

جايىدا ئۇنىڭغا قاراپ قالدى.

قىرغاقتا تۇرۇپ بۇلارنى كۆرۈپ تۇرغان هاررى قاتـ-ـتىق ئالاقزادە بولدى. ئىلىزا قىرغاقتا چىقىپ قارىسى يىتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۇ بۇرۇلۇپ، سام بىلەن ئەنـ-ـدىنى كەتكۈزۈۋېتىپ، ئىلىزا چۈشكەن بايىقى سارايغا قايتىپ كەلدى.

بۇ چاغدا، ئىشىك ئالدىدا بىرسى ئاتتىن چۈشتى، ئۇنىڭ قاتتىق ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتكەن هاررى دەرهال ئىشىك ئالدىغا چىقتى.

— ياﺋاللا، قارىغاندا تەلىيىم ئۇنچىۋالا تەتۈر ئەـ-ـمەسكەن! تام لوكېرغۇ بۇ؟ — دېدى هاررى.

ئۇنىڭ ئالدىدا بويىنىڭ ئېگىزلىكى ئالتە فۇت كېلىدىغان، سېمىز، كالا خورۇمىدىن تىكىلگەن ئۆرۈمە ياقىلىق پەلتو كىيگەن، ئەپتىدىن ياۋۇزلۇق، قوپاللىق چىقىپ تۇرغان، كۆرۈنۈشى روهىي قىياپىتىگە شۇنداق ئوخشايدىغان بىر ئادەم تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىر ئادەم بولۇپ، ئىككىسى بىر-بىرىگە زادىلا ئوخشىمايتـ-ـتى. يەنە بىر ئادەم پاكار، ئورۇق، چېچەنلىك چىقىپ تۇرغان قارا كۆزلىرى هەممىشە باشقىلارغا تىكىلىپلا تۇراتتى، قاراشلىرى بەئەينى ئوغرى مۈشۈككىلا ئوخـ-ـشايتتى.

— قارالە، مۇنداق ئۇدۇل كېلىپ قېلىشىنى كىم

ئويلىغان دەيسىز! لوكېر، ياخشىمۇسىز — ھە[illegible]
شۇنداق دېگەچ ئالدىغا ماڭدى.

— كېلىڭ، ماكس، بۇ مېنىڭ تىنلىكىڭىز[illegible]كىمم.

— سىز بىلەن تونۇشقانلىقىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن، — دېدى ماكس قاغىنىڭ پۇتىدەك قوللىرىنى ئۇزىتىپ، — سىز ھاررى ئەپەندىغۇ دەيمەن؟

— بۇ ئۈچ چوڭ شەخس شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى.

ھاررى ئۆزى ئۇچرىغان پېشكەلچىلىكنى سۆزلىدى.

— ئەپەندىلەر، — دېدى ماكس، — يەنىلا ئۆز سودىمىزغا كېلەيلى. ھاررى ئەپەندى، سىز بىزنى ئاشۇ ئايالنى تۇتۇپ بېرىڭلار دېمەكچىمۇ؟

— ئۇ ئايالنىڭ مەن بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، ئۇ شېلبى ئەپەندىنىڭ ئادىمى. ماڭا ئاشۇ شۇمتەكلا كېرەك!

— لوكېر، — دېدى ماكس لەۋلىرىنى يالاپ، — مېنىڭچە، ھاررى ئەپەندى بىزگە بىر ياخشى سودا ئېلىپ كەلگەندەك قىلىدۇ. ھاررى ئەپەندى، ئۇ ئايالنىڭ چىرايى قانداقراق؟ ئۇ نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— ئۇ ناھايىتى چىرايلىق، چىرايى ئاپئاق، ناھايىتى ياخشى تەربىيە كۆرگەن. مەن ئۇنى ئاۋۋال سەككىز يۈز

ياكى مىڭ دوللارغا سېتىۋېلىپ، ئاندىن يەنە قولىدىن چىقىرىپ ئوبدان بىر پۇل تېپىۋالاي دېگەن.

— ناھايىتى چىرايلىق، چىرايى ئاپئاق، يەنە ناھايىتى ياخشى تەربىيە كۆرگەن دەڭ! — دەپ قايتىلىدى ماكس، — ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى، ئۇچلۇق بۇرنى، ئۇچلۇق ئېڭەكلىرى بىر پايدىنىڭ بارلىقىنى سېزىپ ئاجايىپ جانلىنىپ كەتتى، — قاراڭ، لوكېر، بۇ بىر ياخشى باشلىنىش. بىز بىر سودا قىلىۋالىدىغان بولدۇق: بىز ئادەم تۇتۇشقا مەسئۇل بولايلى، ئۇ بالا ھاررى ئەپەندىگە قالسۇن. ئۇ ئايالنى بىز يېڭى ئورلىئانغا ئاپىرىپ ساتايلى، بۇ بىر ياخشى ئىش ئەمەسمۇ؟

تام لوكېر بىردىنلا ماكسنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى، ئۇ يوغان مۇشتۇمى بىلەن ئۈستەلگە بىرنى مۇشتلىدى:

— بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى! ھاررى ئەپەندى، سىز ئاۋۋال بىزگە ئەللىك دوللار بېرىڭ، ھازىرلا نەق تاپشۇرۇڭ، بولمىسا، ئۇ بالىغا ئېرىشىمەن دەپ خام خىيال قىلماڭ. مەن سىزنى ناھايىتى ئوبدان بىلىمەن.

ئىككى تەرەپ يەنە بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ھاررى ئەپەندى ئانچە خالىمىغان ھالدا ئەللىك دوللار چىقىرىپ تامغا بەردى. بۇ ئۈچ چوڭ ئەرباپ كەچتە بىر ـ بىرىدىن ئايرىلدى.

كىچىك سارايدا بۇ ئىشلار بولۇۋاتقان چاغدا، سام

بىلەن ئەندى ناھايىتى خۇشال ھالدا ئۆيلىرىگە قايتتى ۋە ئەھۋالنى خوجايىنى ۋە خوجايىنىنىڭ خانىمىغا ئېيتتى.

دەل شۇ چاغدا، دەريانىڭ شىمالىدىكى ئىسسىق ۋە ئازادە بىر مېھمانخانىدا، كېگەش پالاتا ئەزاسى بود ۋە ئۇنىڭ خانىمى ساپادا ئولتۇراتتى.

ئۇستەللەرگە بىرنەرسىلەر تىزىلىپ بولاي دېگەندە، بود خانىم:

— ھەي، مۇشۇ كۈنلەردە كېگەش پالاتاسىدا نېمە ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتىسىلەر؟ — دېدى.

— سۆيۈملۈكۈم، يېقىندا پۇقرالارنىڭ كېنتۇككى شتاتىدىن قېچىپ كەلگەن قۇللارنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا بىر قانۇن ماقۇللىدۇق. ئىش-نىڭ ئاقىۋىتى بىلەن ھېسابلاشمايدىغان قۇللۇقنى بىكار قىلغۇچىلار بەك ئاشۇرۇۋەتتى، ئۇلار بىزنىڭ كېنتۇككى شتاتىدىكى بۇرادەرلىرىمىز ئارىسىدا قاتتىق تەۋرىنىش پەيدا قىلدى. بىزنىڭ شتاتىمىزدا بەزى تەدبىرلەر قول-لىنىلىپ، ئۇلارغا تەسەللى بېرىلىشى كېرەك. بۇ زۆرۈر ھەم خرىستىئان دىنى تەلىماتلىرىغا ئۇيغۇن بولغان ياخشى ئىش.

بود خانىم ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئېرىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ناھايىتى كەسكىنلىك بىلەن:

— سىزنىڭ مۇنداقلىقىڭىزنى زادىلا ئويلىماپتىمەن،

جون! سىز قولىلاپ ئاۋاز بەرمىگەنسىز؟

— قوللاپ ئاۋاز بەردىم.

— جون، نومۇس قىلىشىڭىز كېرەك. بۇ ئادەمنى نومۇسقا قويىدىغان، ئىنسانىي قائىدە ـ يوسۇنلارنى بۇزىدىغان، كىشىنى نەپرەتلەندۈرىدىغان قانۇن بوپتۇ. ئەگەر پۈرسەتلا بولىدىغان بولسا، مەن ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىمەن، ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىمەن. مەن شۇنداق قىلالايدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن، چوقۇم شۇنداق قىلالايمەن.

بۇ چاغدا، نېگىر غوجىدار ئىشىكتىن بېشىنى ئۇزاتتى:

— خانىم، ئاشخانىغا بىر چىقسىڭىز.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىشىك تۈۋىدە خانىمنىڭ جىددىي ئاۋازى ئاڭلاندى:

— جون، جون! دەرھال بۇياققا چىقىڭە!

جون بود ئاشخانىغا كىردى. بويى زىلۋا بىر چوكان جۈپلەپ قويۇلغان ئىككى ئورۇندۇقتا ھوشسىز ياتاتتى. ئۇنىڭ يىرتىلىپ، تىتىلىپ كەتكەن كىيىملىرىدە مۇز قېتىپ كەتكەن، بىر ئايىغى چۈشۈپ قالغان، پايپاقلىرىمۇ چۈشۈپ قالغان، پۇتىدىن قان ئېقىۋاتاتتى. جون ئىختىيارسىز ھالدا بىر ئۇھ تارتتى، ئۇندىمەي بىر ياندا قاراپ تۇرۇۋەردى، ئۇنىڭ ئايالى ۋە ئائىلىسىدىكى بىر-

دىنىمىر نىگىر دېدەك دەينا ھامما ئۇ ئايالنى جەسەدىي قۇتقۇزماقتا ئىدى، دەينا بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئايىغى، پايپىقىنى سالدۇرۇپ، بالىنىڭ مۇزلاپ كەتكەن پۇتىنى سۈرتمەكتە ئىدى.

— ۋاي بىچارە، — دېدى بود خانىم ئىچ ئاغرىتقان ھالدا. بۇ ئايال چوڭ قارا كۆزلىرىنى ئاستا ئېچىپ، ھاڭ ـ تاڭ قالغان ھالدا ئۇنىڭغا قارىدى. تۇيۇقسىز ئۇ ئايالنىڭ چىرايىدا ئازابلىق بىر ئىپادە پەيدا بولدى ـ دە، بىردىنلا ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ: «ۋاي تەڭرىم، بالام ھاررى! ئۇلار بالامنى تۇتۇپ كەتتىمۇ؟» دەپ ۋارقىرىدى.

ھېلىقى ئوغۇل بالا ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، غۇلىچىنى كېرىپ، ئۆزىنى ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى. ئۇ ئايال:

— ھە، بالامۇ بۇ يەردىكەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

— سىلەرگە ھېچكىم زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، — دېدى بود خانىم ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ، — قورقماڭ، بۇ يەردە سىلەرگە ھېچقانداق خەۋپ يەتمەيدۇ.

ئۇ بىچارە ئايال ئاخىر ئاستا ـ ئاستا تىنچلاندى. ئۇ تام مەش يېنىغا قويۇلغان ئىگىز يۆلەنچۈكلۈك ئورۇنـ دۇققا ياتقۇزۇپ قويۇلغانىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، قاپـ قارا كۆزلىرىنى ئايال خوجايىنىغا تىكتى، قايغۇ ۋە يېـ لىنىش چىقىپ تۇرغان بۇ كۆزلەرنى كۆرۈپ، ئايال

خوجايىن كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى.

— قورقماڭ، بۇ يەردىكىلەر ھەممىسى سىزنىڭ دوستلىرىڭىز. ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ، سىز نەدىن كەلدىڭىز، نېمە ئىش قىلماقچىسىز؟ — دەپ سورىدى ئايال خوجايىن.

— مەن كېنتۇككى شتاتىدىن كەلدىم، — دېدى ئۇ ئايال.

— قاچان كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى بود ئەپەندى.

— بۈگۈن ئاخشام كەلدىم!

— قانداق كەلدىڭىز؟

— دەريادىكى مۇزنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ كەلدىم.

— دەريادىكى مۇزنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ كەلدىم؟ — دېدى ھەممەيلەن ھەيرانلىق ئىچىدە.

— ھەئە، — دېدى ئايال ئاستا، — راست، دەريادىكى مۇزنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ كەلدىم، تەڭرى مېنىڭ دەريادىن ئۆتۈشۈمگە ياردەم قىلدى. ئۇلار مېنىڭ ئارقامدىن قوغلاۋاتىدۇ، ماڭا ھېچقانداق ئامال قالمىدى.

— ۋاي تەڭرىم، — دېدى كاردىجو، — دەريادىكى مۇز پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەن، سۇدا لەيلەپ تۇرىدىغان تۇرسا!

— بۇنى بىلىمەن، بىلىمەن، — دېدى چوكان جىددىيلەشكەن ھالدا، — ئەمما، مەن راستتىنلا دەريادىكى مۇزنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كەلدىم! مەن مۇزنىڭ ئۈستىدىن



ئۆتۈپ كېتەلەيدىغانلىقىمنى ئويلىمىغانىدىم، ئەمما مەن بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدىم. ئەگەر ئۆتۈپ كېتەلمىگەن بولسام ئۆلۈپ كېتەتتىم. مېنى تەڭرىم ئۆز پاناھىدا ساقلىدى، ئەگەر بىر كىشى شەخسەن ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزمىسە، تەڭرىنىڭ ئۇلارغا قانچىلىك ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ھەرگىز ھېس قىلالمايدۇ، — دېدى ئۇ ئايال كۆزلىرىدە ياش لىغىرلىغان ھالدا.

— سەن قۇلمۇ؟ — دەپ سورىدى بود ئەپەندى.

— شۇنداق، ئەپەندى، كېنتوككى شتاتىدىكى بىر قورۇق خوجايىنىنىڭ قۇلىمەن.

— ئۇ ساڭا بەك رەھىمسىزلىك قىلامدۇ؟

— ياق، ئەپەندى، ئۇ ياخشى ئادەم!

— ئۇنداق بولسا، ئايال خوجايىن ساڭا ياخشى مۇئامىلە قىلمامدۇ؟

— ياق، ئەپەندى، ياق. ئايال خوجايىن ماڭا ئەزەلدىن ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، زادى نېمە ئىش سېنى مۇشۇنداق ياخشى ئائىلىدىن قېچىپ چىقىپ مۇشۇنداق خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشقا مەجبۇر قىلدى؟

ئۇ ئايال بېشىنى كۆتۈرۈپ، بود خانىمغا قارىدى.

— مېنىڭ مۇشۇ بىرلا بالام بار. ئەگەر ئۇلار بالامنى سېتىۋەتسە، مەن بۇ دۇنيادا ياشىيالمايمەن. شۇڭا، مەن

ئۇنى ئىلىپ كىچىلەپ قىچىپ چىقتىم. ئاشۇ قول بىر-
دىكى، يەنە خوجايىنىمنىڭ ئائىلىسىدىكى بىرقانچە
كىشى ئارقامدىن قوغلاپ كەلدى. مەن دەرھال دەرياغا
سەكرەپ لەيلىمە مۇز ئۈستىگە چىقىۋالدىم، مېنىڭ
دەريادىن قانداق ئۆتۈپ كەلگەنلىكىمنى ھەتتا ئۆزۈممۇ
بىلمەيمەن. ئەمما، بىر ئادەم مېنىڭ قىرغاققا چىقىۋې-
لىشىمغا ياردەم بەردى.

ئەتراپتا تۇرغانلار ھەممىسى ئۆزلىرىگە خاس شەكىل
بىلەن چىن قەلبىدىن ھېسداشلىق بىلدۈردى.

— ئېرىڭىز بارمۇ؟

— بار، ئەمما ئۇ باشقا بىر خوجايىننىڭ قولىدا. ئۇ
خوجايىن ئېرىمگە بەك رەھىمسىزلىك قىلىدۇ. ئىلگىرى
ئۇ خوجايىن ئېرىمنىڭ مېنى كۆرگىلى كېلىشىگە نا-
ھايىتى ئاز يول قوياتتى، كېيىنچە بىزگە تېخىمۇ شەپ-
قەتسىزلىك، رەھىمسىزلىك قىلىدىغان بولۇپ كەتتى،
يەنە ئۇنى جەنۇبقا سېتىۋېتىمەن دەپ تەھدىت سالدى.
قارىغاندا، ئەمدى ئۇنى قايتا كۆرەلمىسەم كېرەك.

— بىچارە ئايال، ئەمدى نەگە باراي دەۋاتىسىز؟ — دې-
دى بود خانىم.

— كاناداغا بارىمەن، ئۇ يەرنىڭ نەدىلىكىنى بىل-
سەملا بولاتتى. كانادا بۇ يەرگە يىراقمۇ؟ — ئۇ بېشىنى
كۆتۈرۈپ بود خانىمغا قارىدى، ئۇ ناھايىتى ساددىلىق

بىلەن، ئەمما ئىشەنچلىك ھالدا سورىدى.

— ئۇ يەر سىزنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىڭىزدىن كۆپ يىراق، بىچارە بالام. ئەمما، بىز سىزگە بىرەر ئامال تې- پىپ بېرىمىز، قاراپ باقايلى، بىر ئامال تېپىلىپ قالار. تەڭرىگە ئىشىنىڭ، ئۇ سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ.

بود خانىم ۋە ئۇنىڭ ئېرى مېھمانخانىسىغا يېنىپ كىردى. بود ئەپەندى ئايالىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— خانىم، بۇ ئايال بۇگۈن كېچە چوقۇم بۇ يەردىن كېتىشى كېرەك. ئۇ ئەبلەخ ئەتە ئەتىگەن تاڭ يورۇشى- غىلا بۇ يەرگە قوغلاپ كېلىدۇ. ئەگەر ھېلىقى ئايال ئۆزىلا بولغان بولسا، بۇ ئىش بېسىققىچە ئۇنى يوشۇرۇپ قويغىلى بولاتتى. ئەمما، بالىسى بۇ يەردە ھەممىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

— بۇگۈن ئاخشام؟ ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ؟ ئۇ نەگە بارىدۇ؟

— قارالڭ، مېنىڭ ئىلگىرىكى ۋاكالەتچىم ۋان تروم بارلىق قۇللىرىنى ئازاد قىلىۋېتىپ، كېنتۇككى شتاتىدىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن. بۇ ئايال ئۇنىڭ قېشىغا بارسا، ناھايىتى بىخەتەر بولىدۇ. ھازىرقى ئاۋا- رىچىلىك شۇكى، بۇگۈن ئاخشام مەندىن باشقا ئۇ يەرگە ھارۋا ھەيدەپ بارىدىغان باشقا ئادەم يوق.

— بۇ ئىشتا قەلبىڭىز كاللىڭىزدىن كۆپ رەھىمدىل

بولدى، جون، — دېدى ئايالى.

تون يېرىمدىن ئۆتكەندىلا، ئات ھارۋىسى ئېرىقتىن ئۆتۈپ، چوڭ بىر قورۇقنىڭ دەرۋازىسىدا توختىدى. ھې-لىقى ھۆرمەتلىك قورۇق ئىگىسى دەرۋازا ئالدىغا چىقتى.

— سىز ھېلىقى قۇللارنىڭ نىجاتكارىمۇ؟ سىز قول بېسكىلىرىنىڭ ئۇلارنى تۇتۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بۇ بىچارە ئايال بىلەن ئۇنىڭ بالىسىنى يوشۇرۇپ قويالام-سىز؟ — دەپ سورىدى كېكەش پالاتا ئەزاسى ئۈچۈقلا.

— مەن شۇنداق قىلساق تامامەن بولىدۇ دەپ ئويلاي-مەن، — تۈز كۆڭۈل جونمۇ ئوچۇقلا جاۋاب بەردى.

ئىلىزا قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەن بالىسىنى قۇچاقلىد-غان ھالدا سالماق قەدەم بىلەن ئىشىك ئالدىغا كەلدى، ئۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىدى. ھېلىقى مىجەزى چۇس بوۋاي قولىدىكى شامنى ئايالنىڭ يۈزىگە يېقىن ئەكەل-دى، ئاندىن ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان بۇ چوڭ ئاشخانىدىن چىقىدىغان بىر كىچىك خانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئۇ ئايالنى كىرىشكە ئىشارەت قىلدى. ئۇ يەنە بىر شامنى ئېلىپ، ياندۇرۇپ ئۈستەلگە قويغاندىن كېيىن، ئىلىزاغا:

— ھوي قىز، قورقما، ئۇلار كەلسە مەن ئۆزۈم تا-قابىل تۇرىمەن، — دېدى ئۇ سۆزلەۋېتىپ، تام مەشنىڭ يۇقىرىقى تەرىپىگە ئېسىپ قويۇلغان ناھايىتى چىرايلىق 2 ـ 3 مىلتىقنى كۆرسەتتى، — مېنى تونۇيدىغان ئادەملەر

شۇنى بىلىدۇكى، مېنىڭ رازىلىقىمسىز ئۆيۈمدىن بىرەر ئادەمنى ئېلىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، ھازىر ئۇخلىساڭ بولىدۇ، — ئۇ ئىشىكنى ياپتى.

سىم-سىم يامغۇر يېغىۋاتقان بىر كەچ، بىر ئات هارۋىسى كېنتۇككى شتاتىدىكى N كەنتىگە جايلاشقان بىر كىچىك ساراي ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئات هار-ۋىسىدىن بىر يولۇچى چۈشۈپ، قاۋاقخانىغا كىردى. ئۇ بويى پاكار، ئۆزى قاۋۇل، پۈزۈر كىيىنگەن، خۇشچىراي، يۇمىلاق يۈز ئادەم ئىدى، قىياپىتىدىن ناهايىتى ئېهتى-ياتچان ئادەم ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ سومكىسا كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، قاۋاقخانا ئىچىگە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئەڭ ئىسسىق بىر بۇلۇڭغا بېرىپ، تەشۋىشلەنگەن هالدا بىر نېگىرنى تۇتۇش ئېلانىغا قارىدى. ئېلاندا مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

*«جورجى ئىسىملىك بىر زەڭگى قۇل ئۆيۈمدىن قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ بويى ئالتە فوت، ئۆڭى ئاقراق، قوڭۇر بۇدۇر چاچلىق. ئەقىللىق، چېچەن، خەت يېزىشى-نى، ئوقۇشنى بىلىدۇ، ئاق تەنلىك ئىكەن دەپ خاتا تو-نۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن. دۈمبىسى ۋە مۈرىسىدە چوڭ-قۇر تاتۇق بار. ئوڭ قولىغا H هەرپلىك تامغا بېسىلغان. بۇ قاچقۇننى تىرىك تۇتۇپ بەرگۈچىلەر ياكى ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلار بىلەن ئىسپاتلاپ*

*بەرگۈچىلەرگە 400 دوللار سۆيۈنچە بېرىمەن.»*

ياشانغان بۇ مۆتىۋەر بۇ ئېلاننى باشتىن ـ ئاخىر- غىچە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى. ئۇ باشتا تىلغا ئې- لىنغان ھېلىقى چىپتا زاۋۇتىنىڭ خوجايىنى ۋىلسون ئىدى.

بۇ چاغدا بىر ئات قوشۇلغان بىر يېنىك پەيتۇن ساراي ئالدىدا توختىدى، پەيتۇندا پۈزۈر كىيىنگەن، سا- لاپەتلىك بىر ئەر ئولتۇراتتى، پەيتۇننى بىر نېگىر قۇل ھەيدىگەنىدى.

بۇ ئادەم ئېگىز، بەستلىك، ئۆڭى قارامتۇل بولۇپ، ئىسپانلارغا ئوخشايتتى؛ قارا كۆزلىرى نۇرلۇق، چاچلى- رى بۇدۇر، قاپقارا پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ سارايغا كىر- گەندىن كېيىن خىزمەتكارغا باش لىڭشىتىپ، ئۇنىڭغا يۈك ـ تاقلارنى جايلاشتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى، ئاندىن شىلەپىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئولتۇرغان ھەربىر ئادەمگە ئېگىلىپ سالام قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاستا پوكەي ئالدىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ نام ـ شەرىپىنى مەلۇم قىلدى: شېلبى ناھىيىسىنىڭ ئوكلان شەھىرىدىكى ھېنرى باتلى. ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، پەرۋا- سىزلىق بىلەن ئاستا ئېلان ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى ئو- قۇدى.

— جىم، بىز يونساندا ئۇچراتقان ئاشۇ نېگىر ئۇنىڭغا

بىرئاز ئوخشايدىكەن، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۆزىنىڭ چا-كىرىغا.

— شۇنداق، بېگىم، — دېدى جىم، — لېكىن مەن ئۇنىڭ قولىدا تامغا بار- يوقلۇقىنى بىلمەيمەن.

— ئەلۋەتتە، ئۇنى مەنمۇ كۆرمىدىم، — ئۇ شۇنداق دەپ ئىختىيارسىز ھالدا ئەسنىدى، ئاندىن ساراي خوجا-يىنى ئالدىغا كېلىپ، ئىچىدە جاھازلىرى بار بىر يالغۇز كىشىلىك خانە ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشنى، ئۆزىنىڭ ھا-زىرلا بىرنەرسە يازىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

خوجايىن ئۇنىڭ دېگىنىنى بويىچە قىلدى.

— بۇ ئادەم قاۋاقخانىغا كىرگەندىن تارتىپ ھېلىقى زاۋۇت خوجايىنى ۋېلسون باشتىن- ئاخىر ئۇنىڭغا سەپ-سېلىۋاتاتتى، شۇڭا چىرايىدا خاتىرجەمسىزلىك ۋە تەش-ۋىش ئەكس ئېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئادەمنى قاند-اقتۇر بىر جايدا كۆرگەندەك قىلغانلىقىنى ھېس قىل-دى. ئۇ تۇيۇقسىز بىر ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ، ئىختى-يارسىز ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ كەلدى.

— ھوي، بۇ ۋېلسون ئەپەندىمۇ؟ — ئۇ ئادەم قولىنى ئۇزاتتى، — كەچۈرۈڭ، بايا تونۇماي قاپتىمەن. مەن ئې-سىڭىزدە بارغۇ دەيمەن، باتلى، شېلبى ناھىيىسىنىڭ ئوكلان شەھىرىدىن.

— ھە، توغرا، توغرا، ئەپەندى، — دېدى ۋېلسون

خۇددى ئەمدىلا ئويغانغان كىشىدەك.

دەل شۇ چاغدا بىر نىگىر قۇل كېلىپ، خوجايىن-نىڭ ياتىقىنىڭ ھازىرلانغانلىقىنى ئېيتتى.

— جىم، سەن يۈك-تاقلارنى جايلاشتۇر، — دېدى بۇ ئەپەندى، ئاندىن ۋېلسونغا قاراپ، — ۋە خالىسىڭىز مېنىڭ ياتىقىمغا كىرىڭ، سودا توغرىسىدىكى بەزى ئىشلار توغرىسىدا سىز بىلەن سۆزلەشمەكچىمەن.

ۋېلسون ئەپەندى خۇددى تون سەيلىسى قىلىۋاتقان ئادەمدەك ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئۇلار ئۈستىدىكى چوڭ بىر خانىغا كىردى.

ياش يىگىت ئىشىكنى تاقاپ، ۋېلسون ئەپەندىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى.

— جورجى، — دەپ ۋارقىرىدى ۋېلسون ئەپەندى.

— خوش، ئەپەندى، — دېدى ياش يىگىت.

— مەن زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمايۋاتىمەن!

— خېلى ئوخشىتىپ نىقابلىنىپتىمەنمۇ؟ — دېدى ياش يىگىت كۈلۈمسىرەپ، — بەدىنىمگە ياۋا ياڭاقنىڭ يېلىمىنى سۈركىۋالدىم، شۇنىڭ بىلەن سىرىق تېرەم سۇس پور رەڭگە ئۆزگەردى، ئاندىن چېچىمنى قارا بو-يىۋالدىم، مەن ئېلاندىكى قاچقۇنغا ئوخشىمايمەن.

— جورجى، مۇنداق قىلغىنىڭ بەك خەتەرلىك ئىش بوپتۇ. ئەگەر مەن بۇرۇنراق بىلگەن بولسام توسۇۋالاتتىم.

جورجى ئاتا تەرەپتىن ئاق تەنلىك، ئانىسى بىر بەختسىز نېگىر ئايال ئىدى.

— جورجى، قارا، بۇنداق قىلغىنىڭ بەك خەتەرلىك ئىش بوپتۇ.

— ۋېلسون ئەپەندى، — دېدى جورجى، — ھەقىقەتەن تەۋەككۈلچىلىك، — ئۇ كىيىمىنىڭ پېشىنى قايرىپ، قوينىدىكى ئىككى تاپانچا ۋە بىر پىچاقنى كۆرسىتىپ قويدى.

— قارالڭ، مەن ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتىمەن، تولۇق تەييارلىق قىلىپ قويدۇم. ئەمما، دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە، جەنۇبقا ھەرگىز بارمايمەن، — ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن نۇر چاقنايتتى.

ھېلىقى ئاق كۆڭۈل بوۋاينىڭ كۆڭلى بۇزۇلغان، توختىماستىن ياشلىرىنى سۈرتمەكتە ئىدى.

— ھۇ ئەبلەخلەر، — ئۇ بىردىنلا تىللاپ كەتتى، — سىز كېتىڭ، ئەمما، ناھايىتى ئېھتىيات قىلىڭ بالام، ھەرگىز باشقىلارغا ئوق چىقىرىپ سالماڭ، جورجى، ئەڭ ياخشىسى باشقىلارنى ئېتىپ سالماڭ. مەن ھېچقانداق كىشىگە زىيان ـ زەخمەت يېتىپ قېلىشىنى خالىمايمەن. ئاياللىڭىز نەدە، جورجى؟

— قېچىپ كەتتى، ئەپەندى، بالىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى، ئۇنىڭ ھازىر نەدىلىكىنى بىر تەڭرىلا بىلىدۇ. ئۇ

شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزىنى نىشانلاپ شىمالغا قاراپ كېتىپتۇ. بىز قاچان كۆرۈشەلەيمىز، كۆرۈشەلىشىمىز مۇمكىنمۇ ـ يوق، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

— شۇنداق ئىش بولدىمۇ؟ بۇ كىشىنى چۆچۈتىدىغان ئىش بوپتۇ. ئاشۇنداق بىر ياخشى ئائىلىدىن قېچىپ كېتىپتىمۇ؟

— ئۇ ياخشى ئادەم قەرزدار بولۇپ قالغان ئىكەن، ئۇلار بىزنىڭ بالىمىزنى ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن تارتىۋېلىپ، قەرزگە ھېسابلاپ باشقىلارغا سېتىۋەتمەكچى بوپتۇ، — دېدى جورجى.

— ھە! — ھېلىقى تۈز كۆڭۈل بوۋاي شۇنداق دېگەچ يانچۇقىنى ئاقتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ سۆزلىگەچ يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ جورجىغا ئۇزاتتى، — ئال، جورجى، بۇنى چوقۇم ئال. پۇل دېگەن نەدىلا بولمىسۇن ئەسقاتىدۇ. ئەگەر ئۇ ھالال پۇللا بولىدىغان بولسا، قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى. بۇنى ئال بالام، چوقۇم ئال.

— بولىدۇ، ئەپەندى، مەن ئالاي، لېكىن بىر شەرت بىلەن ئالىمەن، كېيىنكى كۈنلەردە بۇ پۇلىڭىزنى چوقۇم قايتۇرىمەن، — جورجى شۇنداق دېگەچ پۇلنى ئالدى.

— ھەي، جورجى، سەن بۇ يولدا يەنە قانچە ئۇزۇن ماڭارسەن؟ بۇ نېگىر كىم؟

— ئۇ بىر سەمىمىي، سادىق، ئىشەنچلىك ئادەم، بىر

يىلدىن كۆپرەك ئىلگىرى كانادادا قېچىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ كانادادا قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خوجايىنى بۇنىڭدىن بەك غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭ ئانىسىنى قاتتىق قامچىلاپتۇ. شۇڭا، ئۇ يەنە قايتىپ كېلىپ، بىر پۇرسەت تېپىپ ئانىسىنى ئېلىپ كەتمەكچى بوپتۇ. ئۇ خوجايىنى تۇرىدىغان قورۇقنىڭ ئەتراپىدا ئۇزۇن يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپتۇ، ئەمما، بىرەر پۇرسەت تاپالماپتۇ. ئۇ ھازىر مېنى ئوھىئو شتاتىغا ئاپىرىپ، ئۆزىگە ياردەم قىلغان دوستلىرىغا مېنى تاپشۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، ئاندىن قايتىپ بېرىپ ئانىسىنى تېپىپ كەلمەكچى.

— جورجى، سەن ئۆزگىرىپسەن، قانداق نەرسە سەندە شۇنداق ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى؟ سەن ھازىر قەددىڭنى كۆتۈرۈپسەن، سۆز ۋە ھەرىكىتىڭ ئىلگىرىكىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ، — دېدى ۋىلسون ئەپەندى.

— مەن ھازىر ئەركىن ئادەم بولدۇم! مەن ئەمدى ھېچقانداق ئادەمنى بېگىم دەپ چاقىرمايمەن. مەن ئەركىنلىككە چىقتىم! — دېدى جورجى.

فېۋرال ئېيىنىڭ بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى تام تاغا يولغا چىقتى.

تام تاغا ھارۋىغا چىقتى، ھاررى ھارۋىنىڭ ئورۇندۇقى ئاستىدىن ئېغىر بىر ئىشكەلنى ئېلىپ تام تاغىنىڭ پۇتىغا سالدى.

ھاررى ئاتقا قامچا سالدى، تام تاغنىڭ ھەسرەتكە تولغان كۆزلىرى ھاڭۋاققىنىچە ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك، تونۇش كەپىسىگە تاكى ئۇنىڭ قارىسى يىتكۈچە تىكىلدى.

بىرقانچە كۈندىن كېيىن، ھاررى قۇل بازىرىدىن ئىككى ئەر، بىر ئايال بولۇپ ئۈچ قۇل سېتىۋالدى. ئايال قۇل ئون بەش ياشلىق قىز بولۇپ، ئىسمى ئېمىلىن ئىدى.

بىرقانچە كۈندىن كېيىن، ھاررى بۇ مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ سالامەت ھالدا ئوھىئو دەرياسىدىكى بىر پاراخوتقا چىقتى.

«گۈزەل دەريا» ناملىق بۇ پاراخوت ھەشەمەتلىك، كۆركەم بولۇپ، پاراخوتنىڭ ماچتىسىدا ئەركىن ئامېرىكىنىڭ قاتار يۇلتۇزلۇق بايرىقى لەپىلدەپ تۇراتتى. پۇزۇر كىيىنىشكەن تۆرىلەر، خېنىملار ئىككى ـ ئۈچتىن بولۇپ پالۋىنىڭ رېشاتكىسى يېنىغا تۇپلىشىپ سەيلە قىلىشماقتا، سەپەر خۇشاللىقىدىن لەززەتلىنەمەكتە ئىدى. پەقەت ھاررىنىڭ نېگىر قۇللىرى بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى، ئۇلار باشقا ماللار بىلەن بىللە ئاستىنقى قەۋەتتە ئىدى.

تام تاغنىڭ «ئىنجىل» نىڭ بەتلىرىنىڭ چۆرىسىدە گەرچە چوڭ ئېلىم ئىگىلىرى يېزىپ قالدۇرغان باھالار ۋە ئىزاھلار بولمىسىمۇ، ئەمما، تام تاغا ئۆزى

ئىجاد قىلغان «بەلگە» ۋە «كۆرسەتكۈچ» لەر بار ئىدى. بۇ بەلگىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ياردىمى چوڭ ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ «ئىنجىل» ئۈستىگە يازغان ئىزاھلىرىدىنمۇ زور ئىدى. ئىلگىرى ئۇ خوجايىنىنىڭ ئوغلى — كىچىك بەگزادە جورجىغا «ئىنجىل» نى ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتى. بەگزادە «ئىنجىل» نى ئوقۇغاندا، ئۇ ئۆزى ئەڭ رازى بولغان ۋە ياكى ئۆزى ئەڭ تەسىرلەنگەن ئابزاسلارنىڭ چېتىگە قېرىنداش ياكى قەلەم بىلەن توم بەلگە ئۇرۇپ قويياتتى ياكى قىسقا توغرا سىزىقلارنى سىزىپ قويياتتى. ئۇنىڭ «ئىنجىل» ى مانا شۇنداق ھەر خىل شەكىلدىكى بەلگىلەر بىلەن تولغانىدى. شۇڭا ئۇ ناھايىتى تېزلا ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئابزاسلارنى تاپالايتتى، ھەرگىز بىر ئابزاس - بىر ئابزاستىن ئىزدەپ ئاۋارە بولمايتتى ۋە ۋاقىتنى ئىسراپ قىلمايتتى. بۇ چاغدا «ئىنجىل» ئېچىلغان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇلغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن «ئىنجىل» ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بىردىنبىر نەرسە، شۇنداقلا يەنە كەلگۈسى ھاياتىنىڭ ئۇمىدى ئىدى.

كېيىمدە يېڭى ئورلىئاندا تۇرىدىغان، ئائىلىسى ناھايىتى باي بىر ياش تۆرە بار ئىدى، ئۇنىڭ ئىسمى سان كلار بولۇپ، ئۇ 5 ـ 6 ياشلىق بىر قىز بالىنى ئېلىپ ماڭغان، ئۇلارغا يەنە بىر مومايمۇ ھەمراھ بولۇپ كېتىۋا-

تاتتى، قارىغاندا بۇ موماي ئۇ دادا ـ بالىنىڭ تۇغقىنى بولۇپ، مەخسۇس ئاشۇ قىزدىن خەۋەر ئالىدىغاندەك قىلاتتى.

قىزنىڭ ھۆسن ـ جامالى تەڭداشسىز چىرايلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈزۈن ئالتۇن رەڭ چاچلىرى خۇددى رەڭدار بۇلۇتتەك يەلپۈنۈپ تۇراتتى، قوڭۇر رەڭلىك كىرپىكلىرى ئاستىدىكى زۇمرەتتەك كۆزلىرىدىن چوڭقۇر، مۇقەددەس، تەمكىن بىر ھېسسىيات نامايان بولۇپ تۇراتتى. ئۇ كېچە ئۇستىدە لەرزان قەدەملەر بىلەن ئايلىنىپ يۈرگەندە، كىشىلەر ئىختىيارسىز ھالدا قايرىلىپ ئۇنىڭغا قارىشاتتى. ئۇ كېچىدە خالىغىنىچە ئايلىنىپ يۈرەتتى.

تام تاغا نېگىرلارغا خاس ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ياخشى مىجەزلىك ئادەم بولۇپ، ئەزەلدىن پاك، سەبىي باللارنى ياخشى كۆرەتتى؛ شۇڭا، ئۇ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان قىزىقىشى بىلەن بۇ قىزغا دىققەت قىلىشقا باشلىغانىدى. تام تاغىنىڭ نەزەرىدە ئۇ بىر پەرىشتە ئىدى. ھەر قېتىم ئاشۇ ئالتۇن چاچلىق باش قاپقارا پاختا تاغارلىرىنىڭ كەينىدىن كۆرۈنگەندە، قىزنىڭ كۆك كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلەتتى، قىز چوڭ مال تاغارلىرىنىڭ ئۈستىدىن ئۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ «ئىنجىل» دىكى پەرىشتىنى كۆرگەنلىكىگە



ئىشىنەتتى.

قىز ھەمىشە ھەسرەت بىلەن ھاررىنىڭ بىر تـوپ ئەر ـ ئايال نىگىر قۇللىرىنىڭ يېنىدىن ئۆتەتتى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قايغۇلۇق ھېسسىياتى بىلەن ھاڭۋاقىنىچە ئۇلارغا تىكىلەتتى. بەزىدە كۆڭلى بۇزۇل-غان ھالدا خورسىنىپ قويۇپ، ئاستا كېتىپ قالاتتى.

تام تاغا بۇ قىزنى كۆپ كۆزەتكەندىن كېيىن، ئۇ-نىڭ بىلەن دوستلۇق ئورنىتىشنى سىناپ كۆرۈشكە باشلىدى.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئاخىر ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدى.

— خانقىز، ئىسمىڭىز كىم؟ — دەپ سورىدى تام تاغا. ئۇ بۇ سوئالنى سوراشنىڭ پەيتى پىشىپ يېتىلدى دەپ ھېس قىلغانىدى.

— ئۇۋىن كىرىن سان كلار. ئەمما، دادام ۋە باشقىلار ھەممىسى مېنى ئىۋا دەپ چاقىرىدۇ. سىزنىڭ ئىسمى-ڭىز كىم؟ — دېدى قىزچاق.

— ئىسمىم تام، ئۆيۈم كېنتۇككى شىتاتىدا، باللار مېنى تام تاغا دەپ چاقىرىدۇ.

— ئەمىسە مەنمۇ سىزنى تام تاغا دەپ چاقىراي، بىلەمسىز، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى ئىۋا.

— تام تاغا، سىز نەگە كېتىۋاتىسىز؟

— ئۇلار مېنى سېتىۋەتمەكچى بولۇپ ئېلىپ كې-تىۋاتىدۇ، مېنى سېتىۋالىدىغان خوجايىنىنىڭ كىملى-كىنى بىلمەيمەن.

— مېنىڭ دادام سىزنى سېتىۋالالايدۇ، ئەگەر ئۇ سىزنى سېتىۋالسا، كۆڭلىڭىز ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى ئېۋا دەرھال.

— رەھمەت سىزگە، قىزچاق، — دېدى تام تاغا.

بۇ چاغدا، پاراخوت بىر پرىستاندا توختاپ ياغاچ باستى، ئېۋا دادىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، شوخلۇق بىلەن ئويناقلىغان پېتى يۈگۈرۈپ كەتتى. تام تاغا ئورنىدىن تۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياغاچ توشۇشقا ياردەم-لىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئۇ پاراخوت خادىملىرى بىلەن بىللە ياغاچ توشۇشقا باشلىدى.

ئېۋا دادىسى بىلەن پالوبا رېشاتكىسىنىڭ يېنىدا پاراخوتنىڭ ئورنىدىن قوزغىلىپ، پرىستاندىن ئايرىلى-شىغا قاراپ تۇراتتى. ماتور ئوت ئالدۇرۇلۇپ، پالاق ئەمدىلا ئايلىنىشقا پاراخوت بىردىنلا قاتتىق سىلكىنىدى، قىزچاق تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ ئۇشتۇمتۇت سۇغا موللاق ئېتىپ چۈشۈپ كەتتى. قىزنىڭ دادىسى بۇنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا سۇغا سەكرىمەكچى بولۇ-ۋىدى، ئەمما، كەينىدىكى بىر ئادەم ئۇنى تۇتۇۋالدى. چۈنكى، سۇ ئۈزۈش ماھارىتى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن بولغان

بىر ئادەم قىزچاقنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن سوغا سەكرىد-
گەندى.

قىزچاق سوغا چۇشۇپ كەتكەن چاغدا، تام تاغا دەل
تۆۋەنكى قەۋەتتىكى پالۋىدا تۇراتتى. ئۇ قىزنىڭ سوغا
چۇشۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، دەرھال سوغا سەكرىدى. تام
تاغا گەۋدىلىك، تەمبەل، پۇت-قوللىرى كۈچلۈك بولۇپ،
سۇ ئۈزۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىش ئىدى. بىر-
دەمدىلا قىزچاق سۇ ئۈستىگە چىقىرىلدى، تام تاغا ئۇنى
قۇچاقلاپ پاراخوت قېشىغا ئېلىپ كەلدى.

ئىككىنچى كۈنى، ھاۋا ئىسسىق ھەم دىمىق ئىدى،
پاراخوت ئاستا-ئاستا يېڭى ئورلېئانغا كىرىپ كەلدى.
پاراخوتتىكى يولۇچىلار يۈك-تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ،
قىرغاققا چىقىشقا تەييارلاندى.

ئېۋانىڭ دادىسى قىزىنى يېتىلەپ، پاراخوتنىڭ ئۇ
تەرىپىگە بېرىپ، تام تاغىنىڭ ئېگىكىنى قولى بىلەن
كۆتۈرۈپ، ئوچۇق چىراي بىلەن:

— بېشىڭنى كۆتۈر، تام، يېڭى خوجايىنىڭنى ياخ-
شى كۆرەمسەنكىن، بىر قاراپ باقاي؟ — دېدى.

تام بېشىنى كۆتۈردى، ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا
تولغانىدى. ئۇ چىن قەلبىدىن:

— تەڭرىم سىلىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي،
بېگىم! — دېدى.

— ھە، شۇنداق بولغاي ئىلاھىم! ئىسمىڭ كىم؟ تامىۇ؟ ھارۋا ھەيدىيەلەمسەن، تام؟

— مەن ئاتلارنى ناھايىتى ئوبدان باشقۇرالاي-مەن، — دېدى تام.

—ياخشى ئىكەن، مەن ساڭا ھارۋا ھەيدىتىمەن، ئەمما بىر شەرتىم بار، بىر ھەپتىدە پەقەت بىر قېتىملا ھاراق ئىچىشكە رۇخسەت، تام.

تام ئىنتايىن ھەيران قالدى، شۇنداقلا ناھايىتى ئازاب-لاندى ۋە:

— مەن ئەزەلدىن ھاراق ئىچمەيمەن، بېگىم، — دې-دى.

— بۇنىڭدىن كېيىن سىز ياخشى كۈن كۆرىسىز. دادام ھەممە ئادەمگە ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇغىنىسى ئۇ ھەمىشە باشقىلارنى مەسخىرە قىلىدۇ، — دېدى ئىۋا.

ئاۋگۇستىن سان كلار لۇئىزىئانا شتاتىدىكى بىر باي قورۇق ئىگىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ ئەجدادى كانادا-لىق ئىدى. دادىسى ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن بولۇپ، مى-جەزى بىر-بىرىگە بەك ئوخشايتتى، ئاكىسى ۋېرمونت شتاتىدىكى كۈنسېرى گۈللىنىۋاتقان بىر قورۇقتا ئولتۇ-راقلىشىپ قالغان، ئۇ لۇئىزىئانا شتاتىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ بىر باي خوجايىنى بولۇپ قالغانىدى. ئاۋ-

گۇستىننىڭ ئانىسى فىرانسۇز، خۇگىنو مەزھىپىنىڭ مۇرىتى ئىدى، ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئامېرىكىغا كۆچمەن بولۇپ كەلگەندە لۇئىزاننا شتاتىدا ئولتۇراقلىشىپ قالـ غان. ئاتا ـ ئانىسى پەقەت ئاۋگۇستىن ئاكا ـ ئۇكا ئىككى باللا تۇغقان. ئانىسىنى تارتقان بولسا كېرەك، ئاۋگۇسـ تىننىڭ كىچىكىدىنلا تېنى ئاجىز ئىدى. دوختۇرنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ۋېرمونت شتاتىدىكى تاغسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىۋېتىلىپ، كۆپ يىل تۇرغان، دوختۇر ئۇ يەرنىڭ سوغۇق كىلىماتى، ساپ ھاۋاسى ئۇنى چېنىقتۇرۇپ، ئۇنى قاۋۇل، كۈچلۈك قىلىدۇ دەپ مەسـ لىھەت بەرگەن.

سان كلار كىچىكىدىنلا ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ، زادىلا ئەرلەرگە خاس جاسارىتى يوق، ئەكسىچە ئاياللاردەك مۇلايىم ئىدى. ئۇ تۇغما تالانتلىق، ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئىقتىدارغا ئىگە، غايە ۋە گۈزەللىككە بەكلا ھېرىسمەن، تۇرمۇشتىكى كۈندىلىك ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلاردىن بەك بىزار ئىدى. ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈـ رۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىجتىمائىي ئالاقە ساھەسىدىكى 1 ـ گۈزەل بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشتى. بۇ بولغۇسى كېـ لىن زىلۋا بوي، قارا كۆزلۈك، ناھايىتى باي ئىدى، ھەممە كىشى سان كلارنى بەختلىك يىگىت دەپ قارىشاتتى.

ئەمما، شېرىن ئاي مەزگىلىدىكى خۇشاللىقلار ۋە

ئەدەپ ـ قائىدىلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، سان كىلار ئەزەلدىن ئەركە ئۆسكەن، راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇش مۇھىتىدا ياشىغان بۇ چىرايلىق ئايالنىڭ ئەمەلىيەتتە تاش يۈرەك، رەھىمسىز ئىكەنلىكىنى ئاستا ـ ئاستا سەزدى. ئۇنىڭ ئايالى مارى ئەزەلدىن تاش يۈرەك، ھېس-سىياتسىز ئايال ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭدىكى كىچىك-كىنە ھېسسىياتمۇ ئۆزگىرىپ، ئۇ ئاگسىز، ئىنتايىن شەخسىيەتچى بىر ئايالغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ شەخسىيەتچىلىكىنى، پەرۋاسىزلىقىنى ۋە ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، باشقىلار بىلەن زادىلا كارى بولمايدىغان خۇي ـ پەيلىنى ئۆزگەرتىش ئەمدى مۇمكىن ئەمەس ئى-دى. ئۇ كىچىكىدىنلا ناھايىتى ئەركە ئۆسكەن بولغاچقا، ئۇنىڭ دېدەكلىرى كەچكىچە ئۇنى چۆرگىلەپلا يۈرەتتى، ئۇلارنىڭ كۆنى ئايال خوجايىنىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بى-لىشكە تىرىشىش، ئۇنىڭ جاھىللىقى، تۇراقسىزلىقىغا ماسلىشىش بىلەنلا ئۆتەتتى. ئۇ ئەزەلدىن بۇ دېدەكلەر-نىڭمۇ ھېسسىياتى ۋە ھوقۇقى بارلىقىنى ئويلاپ باق-مايتتى. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ مۇشۇ بىرلا قىزى بولۇپ، ئۇنى بەكمۇ ئەركە چولڭ قىلغان، نېمە دېسە شۇنى قى-لىپ بېرەتتى. ئۇ بالاغەتكە يېتىپ، ئىجتىمائىي ئالاقە ساھەسىگە كىرگەندە، ھۆسن ـ جامالى ناھايىتى گۈزەل، ئىجتىمائىي ئالاقىگە كامىل بىر قىز بولۇپ قالدى، ئۇ

يەنە زور مال ـ مۈلۈكنىڭ مىراسخورى ئىدى. شۇڭا، يىگىتلەر، مەيلى ئۇنىڭ تاللىشىغا لايىق بولسۇن ـ بولمىسۇن، تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭغا باش ئېگىپ ئىتائەت قىلاتتى. شۇڭا، مارى قىلچە شۈبھىلەنمەي، ئاۋگۇستىننىڭ ئۆزىدەك مۇشۇنداق ئايالنى ئالالىغانلىقى ئۇنىڭ تەلىيى دەپ قارايتتى، كېيىن، مارى چىرايلىق بىر قىز تۇغدى، مۇشۇ ۋاقىتتا كەلگەندىلا ئۇنىڭ قەلبىدە ئاندىن ئازراق مېھىر ـ مۇھەببەت ئويغاندى.

ئۇ تۇغقاندىن كېيىن، تېنى كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ كەتتى. ئۇ ئادەتتە قولىنى بىرەر ئىشقا ئۇزاتمايتتى، ھەمىشە ئىچ پۇشۇقى، غۇدۇراش، نارازىلىق بىلەن ئۆزىنى ئازابلايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، تۇغۇت مەزگىلىدىكى ئاجىزلىق سەۋەبىدىن قىسقىغىنە بىرقانچە يىل ئىچىدە ھۆسن ـ جامالى گۈزەل بىر چوكان چىرايى ساماندەك سارغىيىپ، ياداپ، كېسەلمەن ئايالغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ كۈن بويى قالايمىقان خىياللارنى قىلىپ، مېنى پۈتۈنلەي كېسەل چىرمىۋالدى، يەتكۈچە ئازاب تارتىتىم، شور پېشانە ئىكەنمەن، دەپ ۋايسايتتى.

سان كلار ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى بەك كۆڭۈلسىز دەپ ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ يالغۇز قىزىنىڭ تېنى ئاجىز بولغاچقا، ئۇ بىر ئادەم قىزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسا، ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلمىسا، ئۇنىڭ سالامەتلىكى

ۋە ھاياتى ئاشۇ لاياقەتسىز ئاپىسىنىڭ قۇربانلىقىغا ئاي-
لىنىپ كېتەمدىكىن دەپ ئەنسىرەيتتى. شۇڭا ئۇ قىزد-
نى ۋېرمونت شتاتىغا ئاپىرىپ، ئۆزىنىڭ نەۋرە ھەدىسى
ئوفقىلىيە سان كلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ
تۇرۇشقا كۆندۈردى، بۇ چاغدا ئوفقىلىيە خېنىم 45 ياشقا
كىرگەنىدى.

ئوفقىلىيە خېنىم كارىشىۋاي كاناپ رەختتىن تى-
كىلگەن ئاجايىپ يارىشىملىق سەپەر كىيىمى كىيگەن،
بويى ئېگىز، ئورۇق ئايال ئىدى. ئۇ بەش ئەزاسى راۋۇ-
رۇس، تېتىك، مۇستەقىل قاراشقا ئىگە، بىرەر ئىشنى
كەسكىن بىر تەرەپ قىلىدىغان، كۆزلىرى قارا، ئۆتكۈر
كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئايال ئىدى. ئۇ خۇددى
بىرنەرسە ئىزدەۋاتقاندەك، خۇددى بىر ئىش ئۇنى كۈتۈ-
ۋاتقاندەك ھەممە نەرسىنى ئىنچىكىلەپ كۆزىتەتتى.

ئۇ ھەرىكىتى چاققان، كەسكىن، ھاياتىي كۈچى
تولۇپ ـ تاشقان، چەبدەس بولۇپ، گېپنى ھەرگىز ئەگى-
تىپ يۇرمەي ئۇدۇل قىلاتتى.

مەنىۋى تەربىيىلىنىش جەھەتتە، ئۇ كاللىسى سە-
گەك، ساغلام، ئۆتكۈر، تارىخىي كىتابلار ۋە ئەنگلىيە
كلاسسىك ئەسەرلىرىدىن تولۇق خەۋەردار، قىسمەن دائى-
رىدە مەلۇم مەسىلىلەرگە قارىتا ئۆزگىچە قاراشلارغا
ئىگە ئىدى، ئەمما، ئۇنىڭ ئەڭ تەۋرەنمەس پرىنسىپى:

ۋىجدان، ئاق كۆڭۈللۈك بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ياشاش ئېتىقادى ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ماددا، باشقا ھەرقانداق ماددىلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ قەلبىگە ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ كەڭ ئورناشقان ماددا ئىدى. يېڭى ئىنگلاند ئايالىرىدا ۋىجدان، ئاق كۆڭۈللۈك ھەممىنى ئىدارە قىلاتتى، باشقا يەرلىكلەردە بۇ روھ تېپىلمايتتى.

ئوففىلىيە خېنىم ئاۋگۇستىننى ياخشى كۆرەتتى. ئاۋگۇستىن كىچىك چاغدا، ئوففىلىيە خېنىم ئۇنىڭغا دىنىي تەلىماتلارنى ئۆگەتكەن، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ياماپ بەرگەن، چېچىنى تاراپ قويغان، ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلغانىدى. ئوففىلىيە خېنىم مېھىر - شەپقەتلىك، سەمىمىي بولۇپ، ئۇ ئاۋگۇستىنغا كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن، جەمەتتىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئاۋگۇستىننى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا، ئاۋگۇستىن ئوففىلىيەنى يېڭى ئورلىئانغا بېرىپ ئۆزىنىڭ «باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچ»نى ئادا قىلىشقا، يەنى ئاۋگۇستىننىڭ ئايالى كېسەللىك سەۋەبىدىن ئۆزۈندىن بۇيان ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىپ، ئائىلىنى باشقۇرۇشقا ئىمكانىيەت بولمىغاچقا، يېڭى ئورلىئانغا بېرىپ، ئىبۋادىن خەۋەر ئېلىشقا ئۇڭايلا قايىل قىلدى.

پەيتۇن قەدىمىي ئۇسلۇبتا سېلىنغان بىر قورۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى، بۇ ئۆيلەرنىڭ ياسىلىشى

ئۆزگىچە بولۇپ، ئىسپانىيە ۋە فرانسىيە ئۇسلۇبى بىر-لەشتۈرۈلۈپ سېلىنغانىدى. تۆت چاسا قورۇنىڭ ئوتتۇ-رىسى هويلا ئىدى، پەيتۇن گۈمبەز شەكىللىك دەرۋازى-دىن بىمالال هالدا هويلىغا كىرەلەيتتى. هويلا ئىچى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا، مول تەسەۋۋۇر بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، كىشىگە خۇشاللىق، ئارامبەخش تۇيغۇسىنى بې-رەتتى. هويلىنىڭ تۆت ئەتراپى كەڭ پېشايۋان، ئېگىز تۈۋرۈكلەر، مور ئۇسلۇبىدىكى ئەگمە ئىشىكلەر، ئەرەب ئۇسلۇبىدىكى نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەنىدى.

پەيتۇن هويلىغا كىرگەندىن كېيىن، ئىۋا خۇددى قەپەستىن چىقىشقا ئالدىرىغان قۇش بالىسىدەك خۇ-شاللىقتىن سەكرەپ كەتتى.

— هەقىقەتەن گۈزەل ئىكەن، — دېدى ئوففېلىيە پەيتۇندىن چۈشۈپ، — ئەمما، بۇ ئۆيلەردىن يات دىن مۇرىتلىرىنىڭ ئۇسلۇبى چىقىپ تۇرىدۇ.

تام تاغا پەيتۇندىن چۈشكەندىن كېيىن، خاتىرجەم-لىك ئىچىدە قىزىقىش هېسسىياتى بىلەن ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى.

بۇ چاغدا چاكارلار ئالدىراشلىق بىلەن چامادان، ساندۇقلارنى پەيتۇندىن چۈشۈردى، قېرى- ياش، ئې-گىز- پاكار بىر توپ ئەر- ئايال ۋە باللار ئاستى- ئۈستىدىكى پېشايۋانلاردىن ئۆتۈپ يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ،

ئۆيگە قايتىپ كەلگەن خوجايىننى قارشى ئالدى. ئەلڭ ئالدىدا ماڭغىنى ناھايىتى مودا، ئىپسىل كىيىنگەن بىر يىگىت ئەتىر چېچىلغان گىرىپ قولىياغلىقىنى ناھايىتى چىرايلىق پۇلاڭلىتىپ چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ مۇھىم شەخس ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

بۇ مۇھىم شەخس ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن بۇ بىر توپ كىشىنى پېشايۋاننىڭ ئۇ تەرىپىگە قوغلىدى.

— كەينىڭلارغا يېنىڭلار! ھەممىڭلار كەينىڭلارغا يېنىڭلار! ئەجەب يۈزۈمنى چۈشۈردۈڭلارغۇ! — دېدى ئۇ بۇيرۇق تەلەپپۇزدا.

— بېگىم ئەمدىلا ئۆيگە قايتىپ كەلدى، سىلەر ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولۇشىغا يول قويماسىلەر؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان كىشىلەر خىجىل بولۇشۇپ، ھەممىسى كەينىگە يېنىشىپ ئەدەپ بىلەن قاراپ تۇرۇشتى، پەقەت ئىككى قاۋۇل كىشى ئالدىغا چىقىپ يۈك- تاقلارنى توشۇغىلى باشلىدى.

ھېلىمۇ ياخشى ئادولف ناھايىتى لايىقىدا قوماندانلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، سان كلار پەيتۇننىڭ كىراسىنى بېرىپ بولۇپ، كەينىگە بۇرۇلغاندا ئالدىدا پەقەت ئادولف ئەپەندىلا قالغانىدى. ئادولف ئەپەندى رەڭگى ناھايىتى ئوچۇق دۇردۇندىن تىكىلگەن جىلىتكە، ئاق ئىشتان

كىيگەن، ئالتۇن زەنجىر ئاسقاندى، ئۇ ئىپادىلەپ بەر-
گۈسىز بىر خۇش پېئىللىق ۋە ئەدەپ بىلەن ئېگىلىپ
تۇراتتى.

— هە، ئادولف، سەنمىدىڭ؟ — خوجايىنى ئۇنىڭغا
قولىنى ئۇزاتتى، — ياخشىمۇسەن بالام؟

— ئادولف ئىنتايىن چاققانلىق بىلەن دەرھال جاۋاب
بەردى، ئۇ بۇ جاۋابقا پۈتۈن زېھنى بىلەن يېرىم ئاي
تەييارلىق قىلغانىدى.

— بولدى، بولدى، — دېدى سان كلار ئالدىغا ماڭ-
غاچ يۇمۇرلۇق كەيپىياتتا، — بۇ جاۋابقا ناھايىتى ياخ-
شى تەييارلىق قىلىپسەن، ئادولف. يۈك - تاقلارنى جاي-
لاتقۇزۇۋەت، مەن بىردەمدىن كېيىن كېلىپ كۆپچىلىك
بىلەن كۆرۈشىمەن، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا ئوففې-
لىيە خېنىمنى يېتىلەپ، ئىشىكى پېشايۋانغا ئېچىلىد-
ىغان بىر چوڭ مېھمانخانىغا قاراپ ماڭدى.

ئۇلار سۆزلىشىۋاتقان، ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقان
چاغدا، ئەۋا خۇددى كىچىك قۇشتەك سەكرەپ پېشايۋاند-
ىن ئۆتۈپ، ئوخشاشلا ئىشىكى پېشايۋانغا ئېچىلىدىغان
بىر كىچىك ياتاققا كىردى.

چىرايى سارغايغان، قارا كۆزلۈك، ئورۇق بىر ئايال
ئۇزۇن ساپادىن ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى.

— ئانا! — كىچىك قىز خۇشاللىق بىلەن چاقىرىپ،

يۈگۈرۈپ بېرىپ ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ، بوينىدىن قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى.

— بولدى، قىزىم، بېشىمنى ئاغرىتىۋەتتىڭىز! — دې-دى ئانىسى روھسىز هالدا قىزىنى سۆيۈپ قويۇپ.

سان كلار كىرىپ، ئۆلچەملىك ۋە هەقىقىي ئەرلىك سالاهىيىتى بىلەن ئايالىنى سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن، نەۋرە ئاچىسىنى تونۇشتۇردى. مارى بېشىنى كۆتۈرۈپ مېھمانغا قىزىقىسىنىش هېسسىياتى بىلەن تىكىلىپ، ئارمانغا تۇشلۇق دەرمانى بولمىسىمۇ، ئەمما، ئۇنى ئەدەپ بىلەن كۈتۈۋالدى.

بۇ چاغدا، بىر توپ چاكارلار قىستىلىشىپ ئىشىك ئالدىغا كەلدى، كۆرۈنۈشى خېلى تۈزۈك، توپنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر دېدەك شۇنچىلىك تەقەززا ۋە خۇشال بولغانكى، ئۇنىڭ بەدىنى سەل تىترەپ تۇراتتى.

— هوي، ئىنىكئانا، — ئىۋا شۇنداق دېگەچ ئىشىك ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى ـ دە، ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ، توختىماي سۆيۈپ كەتتى.

ئۇ ئايال ئىۋانى چىڭ قۇچاقلاپ، بىردەم قاقاقلاپ كۈ-لۈپ، بىردەم ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتىكى، باشقىلار ئا-يالنىڭ نېرۋىسىدىن چاتاق چىقتىمىكىن دەپ گۇمان قى-لىشىپمۇ قالدى. ئىۋا ئۇ ئايالنىڭ قۇچىقىدىن چىققاندىن

كېيىن، باشقىلارغا قاراپ يۈگۈردى، ئۇلار بىلەن بىر-بىرلەپ كۆرۈشتى، ئۇلارنى سۆيدى. بۇ قىزغىنلىقنى كۆرگەن ئوففىلىيە خېنىم كېيىن بۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئېلىشىپ قۇسقۇم كېلىپ كەتتى، دېدى.

سان كلار قاقاقلاپ كۈلگىنىچە كارىدورغا كىردى.

— ھەممىڭلار كېلىپ ئىنئام ئېلىڭلار، ھەممىڭلار كېلىڭلار! مامى، جىمى، پولى، سۈگى، خوجايىنىڭلارنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشال بولغانسىزلەر! — ئۇ شۇنداق دېگەچ، ئۇلار بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشتى.

سان كلار يانچۇقىدىن ئۇششاق تەڭگىلەرنى ئېلىپ ئۇلارغا تارقىتىپ بەردى، ئۇلار خۇشاللىق بىلەن كۈلۈشۈپ، خوجايىنىغا بەخت تىلەشتى.

— بولدى، ھازىر ئەمدى گەپ ئاڭلاپ قايتىڭلار! — تېرىسىنىڭ رەڭگى بەزىسى تۇم قارا، بەزىسى سۇسراق قارا بولغان نېگىرلار بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەممىسى كەڭ پېشايۋانغا قايتىپ چىقىشتى، ئۇلار چوڭ بىر سومكىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇ سومكىدا ئۇ يول ئۈستىدە ئېلىۋالغان ئالما، قۇرۇق مېۋىلەر، كەمپۈت، يىپەك لېنتا، گۈللۈك جىيەك ۋە ھەر خىل ئويۇنچۇقلار بار ئىدى.

سان كلار ئۆيگە قايتىپ كىرىپ كەتمەكچى بولۇپ

بۇرۇلغاندا، بىردىنلا بىر چەتتە قورۇنۇپ، ئوڭايسىز ھالەتتە تۇرغان تام تاغىنى كۆردى.

— كەل، تام! — دېدى سان كلار قول ئىشارىتى قىلىپ.

تام تاغا ئۆيگە كىردى.

— قارالڭ، مارى، — دېدى سان كلار ئايالىغا، — ئاخىر تاپشۇرۇقىڭىز بويىچە سىزگە ھارۋىكەش سېتىۋېلىپ كەلدىم. ئەگەر خالىسىڭىز ئۇ سىزگە پەيتۇننى ئاجايىپ سىلىق ھەيدەپ بېرىدۇ.

مارى كۆزىنى ئېچىپ تامغا قارىدى، ئەمما، ئورنىدىن تۇرمىدى.

— مېنىڭچە ئۇ ھاراق ئىچىپ مەست بولۇۋالغاندەك كۆرۈنىدۇ.

— ياق، ئۇ ماڭا كاپالەت بەردى، ئۇ بىر تەقۋادار ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاراق ئىچمەيدىكەن.

— بولىدۇ، قېنى بۇنى كېيىنكى ئەمەلىيەت ئىسپاتلاپ بەرسۇن، ئەمما، مەن ئۇنداق ئۈمىد كۈتەلمەيمەن، — دېدى خانىم.

— ئادولف، تامنى ئۈستۈنكى قەۋەتكە باشلاپ چىق، ئېھتىيات قىل، — دېدى سان كلار.

ئادولف چاققان قەدەم تاشلاپ ئالدىدا ماڭدى، تام پۇتلىرىنى سۆرەپ ئارقىسىدىن ئاستا ماڭدى.

— ئەمدى بولدى، مارى، — دېدى سان كلار، — ئەمدى سىزنىڭ ئالتۇندەك كۆڭلىڭىزنى كۆرۈپ كەلدىم. مېنىڭ بۇ يېڭى ئىنگلاندلىق نەۋرە ئاچام باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ماھىر، ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئىقتىدارلىق ئايال. ئۇ سىزنىڭ زىممىڭىزدىكى ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلۇشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ، ئۇ سىزنى ياخشى دەم ئېلىپ، سالامەتلىكىڭىزنىڭ ئەسلىگە كېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئاچقۇچلارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمىنى ئەڭ ياخشىسى ھازىرلا ئۆتكۈزەيلى.

— ئۇنداقتا ناھايىتى ياخشى بولىدۇ، — دېدى مارى كۆچسىز قولى بىلەن بېشىنى تىرەپ، — ئەگەر ئۇ بۇ يۈكنى زىممىسىگە ئالسا، جەنۇبتا قۇل بولۇۋاتقانلارنىڭ باشقىلار ئەمەس، بەلكى دەل بىزدەك مۇشۇنداق ئايال خوجايىنلار ئىكەنلىكىنى جەزمەن بايقايدۇ.

— ئەلۋەتتە شۇنداق، ئۇ بۇنى بايقايدۇ، ئۇ يەنە كېرەككە كېلىدىغان باشقا نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنىمۇ جەزمەن بايقايدۇ، — دېدى سان كلار.

— قۇل ئىشلىتىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بىزنىڭ مۇنداق قىلىشىمىز ئېھتىمال ئۆزىمىزنىڭ راھىتى ئۈچۈن بولسا كېرەك، — دېدى مارى، — ئەگەر ئۇ مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن بولىدىغان بولسا، مەن شۇنىڭغا ھۆددە قىلالايمەنكى، بىز دەرھال ئۇلارنى كەتكۈزۈۋېتىشىمىز

كېرەك.

ئۇۋا گىرىننىڭ چوڭ كۆزلىرى ئانىسىغا تىكىلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تەقەززالىق ۋە ھەيرانلىق چىقىپ تۇراتتى، ئۇ ساددىلىق بىلەن:

— ئانا، ئەمىسە، نېمىشقا ئۇلارنى بېقىپ ئىشلىتىمىز؟ — دېدى.

— مەنمۇ نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلمەيمەن. مەن بۇ ئۆمرۈمدە ئۇلارنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتىم. مەن سالامەتلىكىمنىڭ شۇنچە ناچارلىشىپ كېتىشىگە ئاساسلىقى ئاشۇلار سەۋەبچى دەپ قارايمەن. بىزنىڭ ئۆيدىكى بۇ قۇللار ئۆكتەم، گەدەنكەش، ئادەمنى بەك بىزار قىلىدۇ.

— ھەي، بولدى، مارى، بۈگۈن روھىي كەيپىياتىڭىز ئانچە ياخشى ئەمەس، — دېدى سان كلار، — ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. مامىنى ئالايلى، ئۇ ئەڭ ياخشى ئايال. ئەگەر ئۇ بولمىغان بولسا، سىز نېمە ئىش قىلالايتتىڭىز؟

— مامى مەن بىلىدىغان ئەڭ ياخشى قۇل، — دېدى. — لېكىن، ھازىر ئۇمۇ بەك شەخسىيەتچى بولۇپ كەتتى.

— سىز شۇلارنى كۆرسىڭىزكى، — دېدى مارى سۆزنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۆزىڭىزنىڭ ئۆتكۈزۈۋالىدىغىنىڭىزنىڭ زادى قانداق بىر ئائىلە ئىكەنلىكىنى، يەنى

ئۇنىڭ قائىدە ـ تەرتىپ بولمىغان، چاكار ـ دىدەكلەر ئۆ۔
زىنىڭ بىلگىنىنى قىلىدىغان، نىمە قىلغۇسى كەلسە
شۇنى قىلىدىغان ئائىلە ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. بەختكە
يارىشا مەن بوپقاپتىكەنمەن، تىنىم ئاجىز بولسىمۇ، يە۔
نىلا بەزى قائىدە ـ تەرتىپلەرنى ساقلاپ قالدىم. مەن ھە۔
مىشە يىنىمدا بىر قامچا قويۇپ قويىمەن، بەزىدە راست۔
تىنلا ئۇلارنى بىر ـ ئىككى قامچا ئۇرۇپ قويىمەن. ئەمما
مەن بەك ھالىمدىن كەتتىم، زادىلا بەرداشلىق بىرەلمەي۔
ۋاتىمەن. ئەگەر سان كلارمۇ بۇ ئىشنى باشقىلارغا ئوخ۔
شاش ھەل قىلالىغان بولسا بەك ياخشى بولغان بولاتتى.

—قانداق ھەل قىلىمەن؟

— ۋاي ـ ۋۇي، ئۇلارنى تۈرمىگە ياكى باشقا قامچا
يەيدىغان يەرگە ئاپىرىپ بېرىسىز. بۇ بىردىنبىر ياخشى
ئۇسۇل. ئەگەر مېنىڭ تېنىم مۇنداق ئاجىز بولمىغان
بولسا، مەن ئۇلارنى سان كلاردىن نەچچە ھەسسە ياخشى
باشقۇراتتىم.

بۇ چاغدا پېشايۋاننىڭ دېرىزىسىدىن خۇشال كۈلكە
ئاۋازى ئاڭلاندى. سان كلار ئۆيدىن چىقىپ، دېرىزىنىڭ
يىپەك پەردىسىنى قايرىدى ـ دە، ئۆزىمۇ كۈلۈپ كەتتى.

— نىمە بولدى؟ — ئوففىلىيە شۇنداق دېگەچ رې۔
شاتكا يېنىغا كەلدى.

تام هويلىدىكى ئۇستىنى مۇخلار بېسىپ كەتكەن كىچىك تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كىيىمىنىڭ تۆگمىسىنىڭ هەربىر تۆشۈكىگە بىر تال يەسەمەن گۈلى ئۆتكۈزۈلگەن، ئىۋا ئىچ - ئىچىدىن كۈلگەچ، بىر ئەتىرگۈل چەمبىرەكنى ئۇنىڭ بوينىغا ئۆتكۈزدى. ئاندىن خۇددى قۇشقاچ بالىسىدەك ۋىچىرلاپ، ئۇنىڭ تىزىغا چىقىۋېلىپ توختىماي كۈلگىلى تۇردى.

— ها ها، تام، بۇنداق بولسىڭىز بەك قىزىق بولۇپ كېتىدىكەنسىز!

تام ناهايىتى مۇلايىملىق ۋە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن كۈلەتتى، قارىغاندا، ئۇ كىچىك خوجايىنى بىلەن مۇ-شۇنداق ئويناشنى ياخشى كۆرسە كېرەك. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ خوجايىنىغا قارىدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن ئەپۇ سوراش ۋە كەڭچىلىك قىلىشنى ئۆتۈنۈش ئالامىتى ئەكس ئېتەتتى.

تامنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى هالىتىدىن كىشىلەر ئۇ هازىر هېچقانداق بىر ئىشتىن نارازى ئەمەسكەن دەپ قارايتتى. ئىۋا تامنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇ ئاق كۆڭۈل، سەبىي بولۇپ، تۇغما مېهرىبانلىق ۋە مۇهەببەتكە ئىگە ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئانىسىدىن ئۆزى سىرتلارغا چىقىپ سەيلە قىلغان، پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ كوچىلارغا چىققان، بىرەر چاكار ئۆزىنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىش زۆرۈر

بولغان چاغلاردا تامنىڭ ئۆزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلە-
شىنى ئىلتىماس قىلاتتى. شۇڭا، تامغا ئەۋا ئۇنىڭغا
ھاجەت بولسىلا، قولىدىكى ئىشنى دەرھال تاشلاپ قويۇپ
ئەۋانىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى كېرەكلىكى تاپشۇرۇل-
دى.

گۇگۇم مەزگىلىدە، كۆكېر مەزھەپنىڭ مۇرىتى
سىمئون ھالىدايىنىڭ ئائىلىسىدە ئېھتىيات بىلەن
ئالدىراش تەييارلىق قىلىنماقتا ئىدى. ئايالى راچېل
ھالىداي ئۈن-تىنسىز كىرىپ-چىقىپ، ئىسكىلاتتىن
بەزى زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئېلىپ چىقىپ،
كىچىك بولاق قىلىپ ئوراپ، بۈگۈن ئاخشام قاچماقچى
بولغانلار ئۈچۈن تەييارلاۋاتاتتى. ئالتۇن رەڭ كەچكى
شەپەق نۇرغۇن سورۇقچىلىقلاردىن كېيىن بۇ يەردە
ئۇچراشقان جورجى ۋە ئايالى تۇرۇۋاتقان خانىغا جىمە-
جىتلىق ئىچىدە ئۆز نۇرىنى سېپەكتە. جورجى ئايالى-
نىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭ تىزىدا ئوغلى ھال-
لى ئولتۇراتتى. ئەر-ئايال ئىككىسىنىڭ روھىي ھالىتى
جىددىي، چوڭقۇر ئويغا پاتقان، مەڭزىلىرى ياش ئىدى.

بۇ چاغدا، ئىشىك سىرتىدا بىرقانچە ئادەمنىڭ ئاۋا-
زى ئاڭلاندى. ئېلىزا چۆچۈپ ئىشىكنى ئاچتى.

ئىشىك ئالدىدا سىمئون ھالىداي تۇراتتى، ئۇنىڭ
يېنىدا كۆكېر مەزھەپنىڭ مۇرىتى فىنىياس فىلىچېر

بار ئىدى.

— مەزھەپدىشىمىز فىنياس ساڭا، شۇنداقلا سىنىڭ ھەمراھلىرىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىنتايىن مۇھىم بىر ئەھۋالنى بايقاپتۇ، جورجى، — دېدى سىمئون، — ياخشىسى ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بېقىڭلار.

— شۇنداق، — دېدى فىنياس، — مەن تۈنۈگۈن ئاخشام چوڭ يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كىچىك سارايدا قونغانىدىم. بىر ـ ئىككى سائەت ئۇخلىغاندىن كېيىن ئويغىنىپ كېتىپ، خىرە ـ شىرەلىكتە ئۆيدىكى شىرەنىڭ ئەتراپىدا بىرقانچە ئەرنىڭ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مەن ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى بىر ئاڭلاپ باقاي دەپ ئويلىدىم، چۈنكى، ئۇلار كۇۋكېر دىنى مەزھىپى مۇرىتلىرى توغ-رىسىدا سۆزلىشىۋاتاتتى. «دېمەك، ئۇلار شىمال تەرەپتە-كى كۇۋكېر دىنى مەزھىپى كەنتىدىن ئىكەن ـ دە، چوقۇم شۇنداق» دېدى بىرسى. شۇڭا، مەن قۇلىقىمنى دىڭ تۇ-تۇپ ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدىم، ئۇلار راستىنلا سىلەر توغرىلىق سۆزلىشىۋاتاتتى. ئۇلار: «بۇ يىگىتنى كېنتوككى شتاتىدىكى خوجايىنىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىۋې-تىش كېرەك. خوجايىنى ئۇنى قاتتىق جازالاپ، باشقىلا-رغا ئىبرەت قىلماقچى، باشقا ئىككى قۇللارنىڭ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى» دېدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى

ئىككى ئادەم ئۇ قاچقۇننىڭ ئايالىنى يېڭى ئورلىئانغا ئاپىرىپ سېتىۋەتمەكچى ئىكەنلىكىنى، 1600 — 1800 دوللارغا ساتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ بالىنى ئۇنى سېتىۋالغان ھېلىقى قول بېدىكىگە تاپشۇرۇپ بې-رىدىكەن. يەنە ھېلىقى جىم ئىسىملىك ياش بىلەن ئۇ-نىڭ ئانىسىنىمۇ كېنتوككى شتاتىدىكى خوجايىنىغا ئا-پىرىپ بېرىدىكەن. ئۇلار بىز بۈگۈن ئاخشام ماڭىدىغان يولنى بىلىۋاپتۇ، ئۇلار چوقۇم بىزنى قوغلاپ كېلىدۇ، ئۇلار جەمئىي 7 ـ 8 ئادەم ئىكەن.

— مەن سىلەرنىڭ بىرەرسىڭلارنىڭ ماڭا چېتىل-مىسىپ قېلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلمايمەن، — دېدى جور-جى، — سىلەر پەقەت ماڭا بىر ئات ھارۋىسى ئارىيەت بېرىپ تۇرساڭلار ۋە ماڭا ماڭىدىغان يولنى كۆرسىتىپ بەرسەڭلارلا بولىدى، مەن ھارۋىنى ئۆزۈم ھەيدەپ كېتە-لەيمەن. جىم ناھايىتى كۈچلۈك، ناھايىتى باتۇر، قورق-ماس، مەنمۇ شۇنداق.

— دوستۇم، مېنىڭچە سىلەرگە يەنىلا بىر ھارۋى-كەش زۆرۈر بولىدۇ. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، ئۇلار بىلەن ئېلىشىش ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشى، يولغا كەلسەك، ئۇنى مەن سىلەردىن پىششىقراق بىلىمەن، — دېدى فېنىياس.

— مەن ھەرگىز باشقىلارغا ئاۋۋال ئوق چىقارمايمەن.



مەن پەقەت بۇ يەردىن تىنچ ھالدا كېتىۋېلىشنىلا ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى جورجى.

ئات ھارۋىسى مۇز توڭلاپ كەتكەن يولدا ئالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

تەخمىنەن سائەت ئۈچلەردە، جورجى يىراقتىن ئۇلار تەرەپكە قاراپ تېز چېپىپ كېلىۋاتقان ئات تۇيىقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

— ھارۋىغا چىقىڭلار، دوستلار، تېز ھارۋىغا چىقىڭلار! — دېدى فېنياس، — ئېلىشىش توغرا كەلسە-مۇ، يەنە بىردەم ماڭغاندىن كېيىن ئاندىن ئېلىشايلى، ئىككىيلەن ھارۋىغا چىقتى، فېنياس ئاتقا قامچا ئۇردى، ئاتلار ئۇچقاندەك چاپتى. قوغلاپ كەلگۈچىلەر ئۇلارغا يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى، بۇ چاغدا ئات ھارۋىسى تۇيۇقسىز بۇرۇلۇپ، بىر تىك قىيا يېنىغا كەلدى. فېنياس بۇ يەرنى ناھايىتى پىششىق بىلەتتى، ئۇ ئىل-گىرى ئوۋ ئوۋلىغاندا بۇ يەرگە دائىم كېلەتتى. ئۇنىڭ بايا ھارۋىنى جېنىنىڭ بارىچە ھەيدىشىنىڭ سەۋەبى مۇشۇ يەرگە كېلىۋېلىش ئىدى.

— بولدى، كەلدۇق! — ئۇ بىردىنلا ئاتنىڭ تىز-گىنىنى تارتتى، — ھەممىڭلار ھارۋىدىن چۈشۈڭلار، تېز بولۇڭلار، مېنىڭ ئارقامدىن تاغقا چىقىڭلار!

ئۇلار دەرھال چۈشۈپ، تاغقا قاراپ ئۇچقاندەك يۈ-

كۆردى.

تاغ ئۈستى پۈتۈنلەي ئاپئاق گۈللۈك مۇخلار بىلەن قاپلانغانىدى.

ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ئاسان ئۆۋىلىدىغان تاش توسۇق ئارقىدىن قوغلاپ كەلگەنلەرنى توسۇۋالغانىدى.

تاڭ قۇياشى نۇرىدا ھازىر تۆۋەندە قوغلاپ كېلىۋاتقانلار ئوچۇق كۆرۈندى: بۇلار تام لوكېر، ماكس، ئىككى ساقچى ۋە ھېلىقى كىچىك سارايدا كۆرۈنگەن ئىككى مۇتتەھەم ئىدى.

— ۋاي ئاللا، تام، بۇ زەڭگىلەر ھەممىسى مۆكۈۋاپتۇ، — دېدى بىرسى.

— نىشان توغرا، مەن ئۇلارنىڭ مۇشۇ يەردىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم، — دېدى تام، — بۇ يەردە بىر چىغىر يول بار ئىكەن، مەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلايمەن، ئۇلار بىراقلا تۆۋەنگە قېچىپ كېتەلمەيدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي بىز ئۇلارنى تېپىۋالىمىز.

— ئەمما، تام، ئۇلار بىزگە قارىتىپ ئوق ئېتىپ قالارمىكىن، ئەگەر ئۇنداق قىلسا چاتاق بولىدۇ، — دېدى ماكس.

— تۇفى! سەن نېمىشقا ئۆزۈڭنىلا ئويلايسەن، ماكس! چاتاق يوق! زەڭگىلەر ئۆلۈمدىن قورقىدۇ، — دېدى تام.

ئۇ ئەبلەخلەردىن ئەڭ يۈرەكلىكرەكىدىن بىرى تامغا ئەگىشىپ يۇقىرىغا ئۆرلىدى.

جورجى ئوق چىقاردى. ئوق تام لوكىرنىڭ بېلىگە تەگدى، گەرچە يارىدار بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا كەينىگە چېكىنمەي، ئەكسىچە خۇددى غالجىرلاشقان ياۋا كالىدەك ھۆركىرەپ بىر تار جىلغىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئۈستىدىكىلەرگە ئېتىلدى.

فېنىياس بىردىنلا ئېتىلىپ ئالدىغا ئۆتۈپ، تامنى كۈچ بىلەن ئىتتىردى: ھەي بۇرادەر، سەن بۇ يەردە قارشى ئېلىنمايسەن!

تام لوكىر 10 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى جىلغىغا چۈشۈپ كەتتى، ئۇ تاشلارغا سوقۇلۇپ، بەدەنلىرى تىت-ما ـ تىتما بولۇپ كەتتى، ئۇ ھە دەپ ۋارقىراپ ۋايسايتتى.

— ۋاي جان! ۋاي تەڭرىم، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغاي-سەن! ئۇلار ئالۋاستىلار ئىكەنغۇ! — ماكس شۇنداق دې-گەچ پەسكە قاراپ قاچتى، ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى غەيرىتى بايا تاغقا يامىشىۋاتقاندىكىدىن كۆپ يۇقىرى ئىدى، باش-قىلار يىقىلىپ ـ قوپۇپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تېزلىك بىلەن پەسكە قاراپ قاچتى، ھېلىقى سېمىز ساقچى تېخىمۇ رەسۋا بولغان، قاچقاچ پۇشۇلداپ ھاسىرايتتى، يەنە كۈچەپ مىشقىراتتى.

— مەن ھۆددە قىلىمەنكى، ئۇلار تام لوكېرنى تاشلاپ كېتىدىغان بولدى، — دېدى فېنياس.

ھەقىقەتەن شۇنداق بولدى. ئۇ بىر توپ ئەبلەخلەر بىرپەس ئىككىلىنىپ تۇرغان ۋە مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئارقا ـ ئارقىدىن ئاتلىرىغا مىنىشىپ چېپىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ قارىسى پۈتۈنلەي يوقالغاندىن كېيىن، فېنياسلار ھەرىكەتلەندى.

— بىردەم توختاپ تۇرساڭلار! ئۇ بىچارە ئەبلەخكە بىر ياردەم قىلىپ قويايلى، ئۇ بەك ئېچىنىشلىق ۋارقىراپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى ئېلىزا.

— بۇ بىچارە ئەبلەخنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى جورجى.

— ئۇنى ئامالىيادىكى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويايلى. ئۇنىڭ ئۆيىدە ستېفىنىس ئىسىملىك، تېخنىكىسى ناھايىتى يۇقىرى بىر سىستىرا بار، ئۇنىڭ كېسەللەردىن خەۋەر ئېلىش تېخنىكىسى قالتىس. ئەگەر ئۇ تام لوكېردىن ئىككى ھەپتە خەۋەر ئالىدىغان بولسا، ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

ئوففىلىيە خېنىم ئىش تاپشۇرۇۋالغان بىرىنچى كۈنى سەھەر سائەت تۆتتىلا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ خانىسىنى ئوبدان يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەمدى پۈتۈن كۆچى بىلەن بۇ ئائىلىدىكى ئىشكاپ ۋە تام

ئىشكاپلارنى رەتلەپ چىقماقچى بولدى، ھازىر بۇلارنىڭ ئاچقۇچىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قولىغا ئۆتكەنىدى. ئۇ بىرقانچە كۈن سەرپ قىلىپ بۇ ئائىلىدىكى ھەرقايسى جايلارنى ئۇزۇل- كېسىل رەتلەپ چىقىپ، ھەممىنى رەتلىك، تەرتىپلىك قىلىۋەتتى.

تام ئاتخانىنىڭ ئۇستىدىكى بالىخانىدا تۇراتتى، بالىخانىدا بىر كارىۋات، بىر ئورۇندۇق ۋە ناھايىتى قوپال بىر كىچىك شىرە قويۇلغان، ئۇنىڭ ئۇستىدە «ئىنجىل» ۋە مەدھىيىلەر بار ئىدى. بۇ چاغدا ئۇ ئالدىغا بىر تاختا تاش قويۇلغان ھالدا ئولتۇراتتى، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېشىنى ناھايىتى قاتۇرۇۋاتقان بىر ئىشنى قىلىۋاتاتتى.

ئۇ ھەمىشە ئۆزىنىڭ ھازىرقىدەك تەلىيىنى (سان كلار ئائىلىسىگە قول بولغىنىنى) يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىردىكى سەرگۈزەشتىلىرىگە ئوخشىتاتتى. ئەمەلىيەتتە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ خوجايىنىنىڭ نەزىرىدە بارغانسېرى مۇھىم بولۇۋاتاتتى، ئورنى بارغانسېرى ئۆسۈۋاتاتتى، يۇقىرىقى سېلىشتۇرۇشمۇ بىر- بىرىگە بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتاتتى. ئاخىر، سان كلار ئائىلىسىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تامغا تاپشۇردى.

ئەمما، تامنىڭ يۇرتىنى سېغىنىش ھېسسىياتى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى، ئۇ ئىۋادىن بىر ۋاراق قەغەز

سوراپ ئېلىپ، جورجى بەگزادە ئۆزىگە ئۆگەتكەن خەتلەر بىلەن ئائىلىسىگە خەت يېزىشقا كىرىشتى. بۇ چاغدا ئىۋا ئۇنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ، خۇددى كىچىك قۇشتەك ئورۇندۇقنىڭ بالدىقىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ مۇرد-سىدىن خەت يازغىنىغا قاراشقا باشلىدى.

*«ئايال خوجايىن يېتەرلىك پۇل توپلىغاندىن كې-يىن، پۇل ئەۋەتىپ مېنى سېتىۋالىدىغانلىقىنى ئېيت-قان. مەن ئۇنىڭ مېنى سېتىۋالىدىغانلىقىغا ئىشىنىد-مەن. جورجى بەگزادە ماڭا ئۆزىنىڭ چوقۇم كېلىپ مېنى ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتقان، ئۇ يەنە گۇ-ۋاھلىق سوپىتىدە ماڭا بۇ كۇمۇش تەڭگىنى بەرگەن.»*

تام يانچۇقىدىن ئاشۇ قىممەتلىك كۇمۇش تەڭگىنى چىقاردى.

— ھە، ئۇنداقتا ئۇ چوقۇم كېلىدىكەن! — دېدى ئىۋا، — مەن بەك خۇشال بولۇپ كېتىۋاتىمەن.

— شۇڭا مەن خەت يېزىپ، ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىمنى خەۋەر قىلىۋاتىمەن، يەنە بىچارە كرووۋغا ئۆزۈمنىڭ بۇ يەردە ناھايىتى ياخشى تۇرۇۋاتقانلىقىمنى ئېيتماقچىمەن. ھەي بىچارە، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەت-كىنىمگە كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى.

— ھەي، تام! — ئىشىك ئالدىدا بىردىنلا سان كلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. تام بىلەن ئىۋا چۆچۈپ كېتىشتى.

— نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ — دېدى سان كىلار تاختا تاشقا قاراپ.

— بۇ تام يازغان خەت، قاراڭە، ياخشى يېزىپتىمۇ؟ — دېدى ئىۋا.

— مەن سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارنى سوۋۇتۇشنى خالىمايمەن. ئەمما، تام، ئەڭ ياخشىسى ساڭا خەتنى مېنىڭ يېزىپ بەرگىنىم تۇزۇك. مەن پەيتۇن بىلەن سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كەلگەندىن كېيىن يېزىپ بېرەي، — دېدى سان كىلار.

— بۇ خەت ناھايىتى مۇھىم ئىكەن، ئۇنى چوقۇم يېزىش كېرەك ئىكەن. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئايال خوجايىنى پۇل ئەۋەتىپ، ئۇنى قايتا سېتىۋالماقچى ئىكەن. بىلەمسىز دادا! ئۇ ماڭا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە شۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتتى، — دېدى ئىۋا.

سان كىلار كۆڭلىدە، بۇ پەقەت باغرى يۇمشاق قۇل ئىگىلىرىنىڭ سېتىۋېتىلگەن قۇللىرىنىڭ كۆڭلىدىكى ۋەھىمىنى ئازايتىش ئۈچۈن دەپ قويغان تەسەللىلىرىدۇ بەلكىم، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ھەرگىز بۇ سۆزلىرىنىڭ قۇللارنىڭ قەلبىدە ئۈمىد پەيدا قىلىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلمايدۇ، دېدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى، سان كىلار ئۇنىڭ دەپ بەرگىنى بويىچە تامغا بىر پارچە خەت يېزىپ بەردى ۋە پوچتا

ساندۇقىغا سالدى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە، ئوففىلىيە خېنىم ئالدىراش ئۆي ئىشلىرىنى قىلىۋاتاتتى، بىردىنلا ئاستىنقى قە-ۋەتتىن سان كلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئاچا، تېز چۈشۈڭ! سىزگە بىر نەرسىنى كۆر-سىتىمەن!

— نېمە ئۇ؟ — دېدى ئوففىلىيە خېنىم پەلەمپەي-دىن چۈشۈۋېتىپ، ئۇنىڭ قولىدا تىكىۋاتقان نەرسىسى ۋە يىپ ـ يىڭنە بار ئىدى.

— سىزگە بىر يېڭى مال سېتىۋالدىم، قا-راڭ! — سان كلار 7 ـ 8 ياشلاردىكى بىر نېگىر قىزنى يېتىلىۋالغانىدى.

بۇ بالا تۇم قارا نېگىرلار نەسلىدىن بولۇپ، كۆز-لىرى خۇددى ئەينەك شارچىدەك پارقىراپ تۇراتتى، كۆز قارىچۇقلىرى توختىماستىن پىلدىرلاپ، ئۆيدىكى نەر-سىلەرگە سەپسالاتتى. ئۇ قىز چىپتىدىن تىكىلگەن، ئىنتايىن مەينەتلىشىپ كونىراپ كەتكەن كىيىم كىي-گەن بولۇپ، ئىككى قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ، ئەدەپ بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئاق كۆڭۈل ئوففىلىيە خېنىم بۇنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ھالدا كۆڭلى بىئارام بولدى ـ دە، سان كلارغا بۇرۇلۇپ:

— ئاۋگۇستىن، بۇ شۇمتەكنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ

نېمە دېدى.

— ھەي، ئاچا، — دېدى سان كلار ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ، — سىز ئاق كۆڭۈل، ياخشى ئايالغۇ! قاراڭ، بۇ قىزچاقنىڭ خوجايىنلىرى بىر جۈپ ئەر- ئايال ھاراق-كەشلەر. ئۇلار ناھايىتى تۆۋەن دەرىجىلىك بىر ئاشخانا ئاچقان ئىكەن. مەن ھەر كۈنى ئۇ يەردىن ئۆتكەندە، ئۇ-لارنىڭ ئۇنى ئۇرۇپ- تىللىغىنىنى ۋە بۇ قىزنىڭ ۋار-قىراپ يىغلىغىنىنى ئاڭلايمەن، مېنىڭ تاقىتىم تاق بولدى. شۇڭا مەن ئۇنى سېتىۋالدىم، سىزگە سوۋغا قىلماقچىمەن. سىز ئۇنى يېڭى ئىنگلاندىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلى بويىچە تەربىيىلەڭ. قېنى ئۇ قانداق ئادەم بولۇپ چىقاركىن؟

— بولىدۇ، مەن ئامالىنىڭ بارىچە سىناپ كۆرەي، — دېدى ئوففىلىيە خېنىم. ئاندىن ئۆزىنىڭ بۇ يېڭى دې-دىكىگە يېقىن كەلدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى خۇددى بىر ياخشى ئادەمنىڭ بىر بىچارىگە قاراپ كېتىۋاتقان ھالى-تىگە ئوخشايتتى.

— ئۇ بەك مەينەتلىشىپ كېتىپتۇ، — دېدى ئۇ، — بىرسى ئۇنى ئوبدان يۇيۇندۇرۇپ، ئىۋانىڭ كىيى-مىدىن بىر قۇر كىيگۈزۈپ قويسۇن!

دېدەكلەردىن ھېچقايسىسى بۇ يېڭى كەلگەن كىچىك دېدەكنى يۇيۇندۇرۇپ، كىيىم كىيگۈزۈپ قويۇشنى خا-

لىمىدى، ئوففىلىيە خېنىم ئىلاجسىز بۇ ئىشقا ئۆزى ماڭدى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ئوففىلىيە خېنىم توففىسنى ئۆزىنىڭ خانىسىغا باشلاپ كىرىپ، ئۇنىڭغا كارىۋاتنى يىغىشتۇرۇش ماھارىتى ۋە باشقا ئىش قائىدىلىرىنى ئۆگەتتى.

ھازىر توففىسنىڭ ئۇستىۋېشى پاكىز قىلىۋېتىلگەن، بېشىدىكى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئۆرۈمە چېچى كېسىۋېتىلگەن، پاكىز كىيىم كىيگەن، قاتۇرۇپ دەزماللانغان پەشتاما تارتقان، ئەمدى ئەدەپ بىلەن ئوففىلىيە خېنىمنىڭ ئالدىدا تۇراتتى.

— توففىس، مەن كارىۋاتنى قانداق يىغىشتۇرۇدىكەنمەن، ساڭا كۆرسىتىپ بېرىمەن، كۆڭۈل قويۇپ ئوبدان ئۆگەن.

— بولىدۇ خېنىم، — دېدى توففىس جىددىي، خاپا قىياپەتتە چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ.

توففىس ئۇ ئىشلارنى قايتىدىن بىر قېتىم قىلىپ چىقتى، ئۇ ناھايىتى ئەستايىدىل، ھەرىكىتى چەبدەس ئىدى، ئوففىلىيە خېنىم بۇنى كۆرۈپ ناھايىتى رازى بولدى. توففىس كارىۋاتنى يىغىشتۇرۇپ بولاي دېگەندە، ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۇنىڭ يېڭىدىن يېپەك لېنتىنىڭ بىر ئۇچى چىقىپ قالدى، بۇ ئوففىلىيە خېنىمنىڭ

دىققىتىنى تارتتى.

— بۇ نېمە؟ سەن ھەقىقەتەن كەپسىز، ئەسكى بالا ئىكەنسەن، سەن يىپەك لېنتىنى ئوغرىلاپسەن!

يىپەك لېنتا توففىسنىڭ يېڭىدىن چىقىپ قالغان تورۇقلۇق ئۇ زادىلا ھودۇقماي، ھالڭ ـ تاڭ قالغان قىيا- پەتكە كىرىۋالدى ۋە ئەجەبلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

— ۋۇي! بۇ سىزنىڭ لېنتىڭىز ئەمەستۇ، ئۇ نېمە بولۇپ مېنىڭ يېڭىمگە كىرىپ قالدى؟

— توففس، ھۇ كەپسىز شۇمتەك، يالغان سۆزلىمە، بۇنى سەن ئوغرىلىغان!

— مەن سىزگە قەسەم قىلىپ بېرەي، خېنىم، مەن ھەتتا ئۇنى كۆرۈپمۇ باقمىغان.

ئوففىلىيە خېنىم مۇنداق نومۇسسىزلارچە يالغان- چىلىقتىن قاتتىق غەزەپلەندى، ئۇ كىچىك قىزچاقنى تۇتۇۋېلىپ، كۈچىنىڭ بارىچە سىلكىشلىدى.

— بۇنداق دېيىشىڭگە رۇخسەت يوق!

قىزچاق قاتتىق سىلكىنگەچكە، يەنە بىر يېڭىدىن بىر جۈپ پەلەي يەرگە چۈشتى.

— قارا! ئەمدى يەنە لېنتا ئوغرىلىمىدىم دەپ باقە قېنى؟ — دېدى ئوففىلىيە خېنىم.

توففس پەلەينى ئوغرىلىغانلىقىنى ئىقرار قىلدى، ئەمما، لىپنتىنى ئوغرىلىغانلىقىنى يەنىلا ئىقرار قىلمىدى.

— توففس، ئاڭلاپ تۇر، ئەگەر سەن ئىقرار قىلساڭ، راست گەپ قىلساڭ سېنى ئۇرمايمەن! — دېدى ئوففىـلىيە خېنىم.

ئەنە شۇنداق ۋەدە ئالدىدا توففس ئۆزىنىڭ لىپنتا ۋە پەلەي ئوغرىلىغانلىقىنى ئىقرار قىلدى، ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن، دېدى.

دەل شۇ چاغدا، ئىۋا سادىدىلىق، سەبىيلىك بىلەن كىرىپ كەلدى.

ئىۋا توففسقا قاراپلا تۇراتتى.

بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرغان بۇ ئىككى بالا جەمـئىيەتتىكى ئىككى قاتلامغا ۋەكىللىك قىلاتتى. بىرى ئېسىلزادە ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، تېرىسى ئاپئاق، ئالتۇن چاچلىق، كۆزلىرى چوڭقۇر، سالاپەتلىك، كېـلىشكەن، مەسۇم چىراي ئىدى. ئۇنىڭ قارشىسىدا تۇرـغىنى تېرىسى قاپقارا، قۇۋ، تىز پوكوپ خۇشامەت قىـلىپ تۇرىدىغان، ئەمما ناھايىتى زېرەك قىز ئىدى. ئۇلار ھەربىرى ئۆز ئىرقىنىڭ تىپىك ۋەكىللىرى ئىدى. بىـرى، ئىنگلاندلىق ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد ياخشى تەربىيە كۆرـگەن، ھوقۇقى ۋە تەسىر كۈچى مول، ماددىي بايلىق ۋە يوقىرى مەنىۋى تۇرمۇش مۇھىتىدا ئۆسكەن قىز ئىدى.

يەنە بىرى، ئافرىقىلىق، ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد ئېزىلگەن، خورلانغان ۋە نادانلىق، مۇشەققەتلىك تۇرمۇش مۇھىتىدا ئۆسكەن قىز ئىدى.

ئوففىلىيە خېنىم توففسنىڭ ناچار قىلىقلىرىنى بىرمۇبىر ساناپ ئۆتكەندە، ئۇۋا گاڭگىراپ قالدى ۋە ئا-زابلاندى، ئۇ مۇلايىملىق بىلەن:

— بىچارە توففس، نېمىشقا بىرنەرسە ئوغرىلايسەن؟ ھازىر سەن ناھايىتى ياخشى غەمخورلۇققا ئېرىشىۋاتىسەن، بىلەمسەن؟ مەن ئۆزۈمنىڭ ھەممە نەرسىلىرىمنى ساڭا بېرىشنى خالايمەنكى، سېنىڭ يەنە ئوغرىلىق قىلىشىڭنى خالىمايمەن! — دېدى.

بۇ نېگىر قىزنىڭ بۇنداق ياخشى سۆزلەرنى ئاڭلىشى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئىدى ئۇۋانىڭ مۇلايىم تەلەپپۇزى ۋە پوزىتسىيىسى توففسنىڭ ياۋايى، قوپال قەلبىنى ئاجايىپ تەسىرلەندۈردى. ئۇنىڭ زېرەكلىك چىقىپ تۇرغان، روشەن، يۇمىلاق كۆزلىرىگە ياش تولدى، ئەمما، ئۇ يەنە ئۆز ئادىتى بويىچە ئاغزىنى كالچايتىپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. توففس ئۇۋانىڭ گېپىنىڭ بەكلا غەلىتە ئىكەنلىكىنىلا ھېس قىلدى، ئەمما، ئۇنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمىدى.

بىراق، توففسنى زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئوف-فىلىيە خېنىم بۇنىڭ ھەقىقەتەن باش قاتۇرىدىغان ئىش

ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى تەربىيىلەش ئۇسۇ-
لىنىڭ ئەمدى ئەسقاتمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ
ئۆزىنىڭ ئازراق ۋاقىت سەرپ قىلىپ، بۇ ئىشنى ئوبدان
ئويلىنىپ بېقىشى لازىملىقىنى چۈشەندى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئوففىلىيە خېنىم ھەقىقەتەن
غەيرەتكە كېلىپ، ئاجايىپ قىزغىنلىق ۋە كۈچ بىلەن
بۇ يېڭى ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلىدى. ئۇ بۇ بالىغا ھەر
كۈنلۈك خىزمەت ۋاقتى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىنى بەل-
گىلەپ بەردى، ئۇنىڭغا خەت ئۆگەتتى، يىڭنە ئىشلىرىنى
ئۆگەتتى.

بۇ بالا خەتلەرنى ناھايىتى تېز ئۆگىنىۋالدى. ئۇ،
كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تېز سۈرئەت بىلەن پۈتۈن
ھەرپلەرنى ئۆگىنىۋالدى، ئاددىي ئوقۇشلۇقلارنى ئوقۇيا-
لايدىغان بولدى، ئەمما يىڭنە ئىشلىرىنى ئۆگىنىشتە
قىينالدى. بۇ بالا خۇددى مۈشۈكتەك ئەۋرىشىم، جانلىق،
مايمۇندەك تېتىك، ھەرىكەتچان بولسىمۇ، ئىنچىكىلىك-
نى تەلەپ قىلىدىغان يىڭنە ئىشى ئۇنى ئىنتايىن بىزار
قىلدى. شۇڭا، ئۇ بەزىدە يىڭنىنى سۇندۇرۇۋېتىپ، ئۇنى
دېرىزىدىن ئاستا تاشلىۋېتەتتى ياكى تامنىڭ يوچۇقىغا
تىقىۋېتەتتى ۋە ياكى يىپنى كاللەكلەپ قوياتتى، ئۈزۈ-
ۋېتەتتى، پاسكىنا قىلىۋېتەتتى، ھەتتاكى ئوغرىلىقچە
يىپنى بىراقلا تاشلىۋېتەتتى.

توففىس ناھايىتى تېزلا ئائىلىدىكى مەشھۇر كىشى بولۇپ قالدى، ئۇ چاقچاق قىلاتتى، شەيتانلىق قىلاتتى، باشقا ئاۋاز ۋە ھەرىكەتلەرنى دورايتتى، ناخشا ئېيتاتتى، موللاق ئاتاتتى، ئېگىزگە يامىشىپ چىقاتتى، ئىسقىرتاتتى ۋە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان باشقا ھەر خىل ئاۋازلارنى دورايتتى، بۇ جەھەتتە ھەممىنى قىلالايتتى. ئىۋا خانقىز توففىسنىڭ بۇ غەلىتە، ئاجايىپ سېھىرىكەرلىكلىرىگە مەپتۇن بولۇپلا قالدى، خۇددى ئاجايىپ رەڭدار يىلان بىر كەپتەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغاندەك، ئىۋانى ئۆزىگە تارتىۋالدى. ئىۋانىڭ توففىسنى مۇنداق ياخشى كۆرۈشى ئوففىلىيە خېنىمنى ناھايىتى بىئارام قىلدى، شۇڭا ئۇ سان كلاردىن بۇنى توسۇشنى تەلەپ قىلدى.

— ھەي، كېرەك يوق، — دېدى سان كلار، — توففىسنىڭ ئۇنىڭغا پايدىسى بار.

— ئەمما، ئۇ بالا بەك ئەسكى ئىكەن، سىز ئۇنىڭ ئىۋانى يامان ئۆگىتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىمەمسىز؟

— كېرەك يوق! ئەگەر ئۇ يامان ئۆگىنىپ قالىدىغان بولسا، بىرقانچە يىللار ئىلگىرىلا يامان ئۆگىنىپ قالاتتى، — دېدى سان كلار.

ئىككى يىل مانا شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. گەرچە تام بارلىق تۇغقان ۋە دوستلىرىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئەمما زادىلا بىرەر قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەت تارتمىدى.

تام ئائىلىسىگە خەت ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي جورجى بەگزادە يېزىپ بەرگەن خەتنى تاپشۇرۇۋالدى. خەت باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نا-هايىتى چىرايلىق پوجوركىسىدا ماي قەلەم بىلەن يې-زىلغانىدى. خەتتە ئائىلىدىكى نۇرغۇن ئىشلار يېزىلغان، ئۇ كىشىنى خۇشال قىلاتتى. خەتتە يەنە كرووۋ هامىمىنىڭ لۇيسۋىل ئائىلىسىنىڭ تورتخانىسىدا ياللىنىپ ئىشلە-ۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ پېچىنە-پىرەنىك سېلىش هۈنىرىگە تايىنىپ پۇل تېپىۋاتقانلىقى، بۇ پۇل-لارنى يىغىپ، ئۇنى سېتىۋېلىپ قايتۇرۇپ كېلىشكە ئىشلىتىدىغانلىقى، موس ۋە بىتتېر ئىككى بالىنىڭ چوڭ بولۇپ قالغانلىقى، كىچىك بوۋاقنىڭ ساللى ۋە پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنىڭ غەمخورلۇقىدا چوڭ بولۇپ، ئۆينى بىر ئىلىۋاتقانلىقى يېزىلغانىدى.

تام بىلەن ئىۋانىڭ دوستلۇقى ئىۋانىڭ چوڭ بولۇ-شىغا ئەگىشىپ كۈنسېرى چوڭقۇرلاشتى. هەر كۈنى سەهەردە، تام بازاردا گۈل يايمىلىرىدىن ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ ئۆزگىچە گۈللەرنى تاللاپ ئىۋاغا ئاتاپ سېتىۋالاتتى. هەر كۈنى يەنە ئۇنىڭغا ئاتاپ ئەڭ ياخشى نەشپۈت ۋە ئاپېلسىنلارنى ئىلىۋالاتتى. بولۇپمۇ تامنى بەك خۇشال قىلىدىغىنى، ئۇ هەر قېتىم ئۆي ئالدىغا كەلگەندە ئىۋا دەرۋازىدىن بېشىنى چىقىرىپ، سەبىيلىك بىلەن:

— تام تاغا، بۈگۈن ماڭا نېمە ئەكەلدىڭىز؟ — دەپ سورايتتى.

ئىۋانىڭ تام تاغىغا جاۋاب قايتۇرۇشى ۋە قىزغىنلىقى خۇددى تام تاغىنىڭ قىزغىنلىقىغا ئوخشاشلا كۈچلۈك ئىدى. گەرچە ئىۋا تېخى بالا بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئوقۇش ئىقتىدارى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇنىڭ قولىقى سەزگۈر، ئاۋازى زىل، تەسەۋۋۇرى كۈچلۈك، تەپەككۇرى شېئىرىي تۈيغۇغا باي ئىدى، ئۇلۇغۋار ۋە مۇقەددەس نەرسىلەرنى ئاڭلىق ھالدا مەدھىيىلەيتتى. «ئىنجىل» نى ناھايىتى يېقىملىق ئاۋازدا ئوقۇيتتى، تام تاغا بۇنداق چىرايلىق ئاۋازنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغانىدى. دەسلەپتە، ئىۋا ئۆزىنىڭ بۇ كەمتەر دوستىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈنلا «ئىنجىل» نى ئوقۇدى، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭ چىن يۈرەكتىن چىققان تۇغما تەبىئىتى بىخ چىقىرىپ، بۇ مۇقەددەس كىتابقا پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن مەپتۇن بولۇپ قالدى. بۇ كىتاب ئۇنىڭ قەلبىدە غەيرىي بىر ھېسداشلىق، كۈچلۈك، ئەمما غۇۋا بىر خىيالنى قوزغاتقانىدى.

ئەمما، تامنى ئازابلايدىغىنى مۇشۇ يېرىم يىلدىن بۇيان ئىۋانىڭ كىچىك قوللىرىنىڭ بارغانسېرى ئورۇقلاپ، كىچىكلەپ، تېرىلىرىنىڭ سۇزۇكلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى، نەپەسى قىسىلىپ ھاسىراۋاتقانلىقى ئىدى. بۇ-

رۇن ئىۋا باغچىدا ئۇدا بىرقانچە سائەت ئوينايتتى ۋە يۈگۈرەيتتى، هازىر بىردەم ئوينىسىلا هېرىپ هالىدىن كېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ هەمىشە ئوففىلىيە خېنىمدىن ئىۋانىڭ يۆتىلىۋاتقانلىقى، هېچقانداق دورىنىڭ پايدا قىلمايۋاتقانلىقىنى ئاڭلايتتى.

ئوففىلىيە خېنىم كېسەللەرنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىشقا بەك ماهىر ئىدى. ئۇ بۇنداق يامان كېسەللەرنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئەھۋاللارنى ناهايىتى ئېنىق بىلەتتى. بۇنداق يامان كېسەل ياش، سۆيۈملۈك كىچىك هاياتلىقلاردا تېز كېڭىيەتتى، هاياتلىق رىشتىسى تېخى ئۈزۈلمەي تۇرۇپلا، بۇنداق كېسەللەرگە ئۆلۈم تامغىسى بېسىلىپ بولاتتى.

سان كلار هەر كۈنى ئەنسىزلىك ئىچىدە ئىۋانىڭ ئەھۋالىغا دىققەت قىلىۋاتاتتى. هازىر ئۇنىڭ قىزىنىڭ يېنىدا بولىدىغان ۋاقتى ئىلگىرىكىدىن كۆپ بولىدىغان بولدى، ئۇ بىرقانچە كۈندە بىر يېڭى دورا ياكى قۇۋۋەت دورىسىنى ئەكېلىپ ئىۋاغا بېرەتتى.

ئۇنى ئەڭ ئازابلايدىغىنى هازىر ئىۋا ئىدىيە ۋە هېسسىيات جەھەتتە پىشىپ يېتىلگەنىدى. ئەمما، يەنىلا بالىلارچە خام خىيال قىلىدىغان ئادىتىنى تاشلىمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىۋا هەمىشە ئاڭسىز هالدا بەزى مەنىسى ناهايىتى چوڭقۇر، ئادەتتىن تاشقىرى

بولغان گەپلەرنى قىلاتتى، ئاڭلىماقچىقا بۇ خۇددى ئىلاھ-نىڭ ۋەھىيسىدەك بىلىنەتتى. ئۇ ھەر قېتىم مۇشۇنداق سۆزلەرنى قىلغاندا، سان كىلار چۆچۈپ كېتىپ، ئىۋانى باغرىغا چىڭ باساتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە ئىۋاننىڭ ھاياتىنى چوقۇم ساقلاپ قېلىش ئىرادىسى كۈ-چىيەتتى.

يېقىندىن بۇيان ئىۋاننىڭ كېسىلى خېلى ياخشىلان-دى، ئەمەلىيەتتە بۇ پەقەت بىر خىل ساختا ھالەت ئىدى، ئۇ گىرىپتار بولغان بۇنداق رەھىمسىز كېسەللىك ئۆلۈم ئالدىدىمۇ ھەمىشە ساختا قىياپەت بىلەن قەلبى تىت-تىت بولۇۋاتقان كىشىلەرگە تەسەللى بېرىپ، ئۇلارنى ئالداپ قوياتتى. ئىۋا يەنە باغچىغا چىقتى، بالكونغا چىقتى، يەنە كىچىك ھەمراھى بىلەن ئويناپ كۈلدى. ئۇنىڭ دادىسى بۇنىڭدىن بەك خۇشال بولدى، ئۇ «ئىۋا ناھايىتى تېزلا خۇددى باشقىلارغا ئوخشاشلا پۈتۈنلەي ساقىيىپ كېتىدۇ» دېدى. پەقەت ئوففېلىيە خېنىم ۋە دوختۇر بۇنداق ساختا قىياپەتتىن قايمۇقۇپ قالمىدى، ئۇلارنىڭ چىرايىغا زادىلا خۇشاللىق چىقمىدى. يەنە بىر كىشىمۇ ئۇلار بىلەن ئوخشاش ھېسسىياتتا ئىدى، ئۇ ئىۋا قىزچاق ئىدى. ئىۋا خاتىرجەملىك، قەلبى شېرىن تۇيغۇغا چۆمگەن ھالدا، جەننەتنىڭ ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھەقىقەتەن سېزىشكە باشلىغانىدى.

— تام تاغا، — دېدى ئۇۋا بىر كۈنى تام تاغىنىڭ ئىنجىل ئوقۇپ بېرىشىنى ئۈتۈنۈپ، — مەن ھازىر ھەزرىتى ئەيسانىڭ نېمە ئۈچۈن بىزلەرنى دەپ ئۆلۈمگە رازى بولغانلىقىنى چۈشەندىم. مەنمۇ ھازىر مۇشۇنداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتىمەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، ئۇۋا خانىقىز؟ مەن گېپىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم.

— مەن ئېنىق دەپ بېرەلمەيمەن، ئەمما مەن ئاشۇ قېتىملىق سەپەردە ئاشۇ بىچارە، تەلەيسىز كىشىلەرنى كۆرگىنىمدە، يەنى جەنۇبقا كېلىش سەپىرىمدە سىز بىلەن ئۇچراشقان ئاشۇ سەپىرىمدە بەزىلەرنىڭ ئانىسىدىن، بەزىلەرنىڭ ئېرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم، بەزى ئانىلار بالىلىرىغا يىغلايتتى. مەن كۆپ قېتىم ئەگەر مېنىڭ ئۆلۈمۈم مۇنداق پاجىئەلەرنىڭ قايتا يۈز بېرىشىنى توسۇپ قالالايدىغان بولسا، ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈشكە رازى ئىكەنلىكىمنى ئويلىدىم. مەن ئۇلار ئۈچۈن ئۆلۈشكە رازىمەن، تام. ئەگەر مەن مۇنداق پاجىئەلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى توسۇپ قالالىسام، ئۆلۈشكە رازىمەن! — دېدى ئۇۋا سەممىيلىك بىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئورۇق، كىچىك قوللىرىنى تامنىڭ قولىنىڭ ئۈستىگە قويدى.

تام ئەيمىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئۇۋاغا قارايتتى.

بۇ چاغدا قىزچاق دادىسىنىڭ چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاستا كېتىپ قالدى. تام ئۇنىڭ كېتىۋاتقان قارىسىغا قاراپ ئىختىيارسىز هالدا ياش تۆكتى.

ئىۋانىڭ چىرايىنىڭ كۆنسېرى سارغىيىپ، ئورۇقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن دادىسىنىڭ قەلبى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئازابلىناتتى.

ئىۋا تۇيۇقسىز قەتئىي هالدا:

— دادا، مەن بەزى گەپلەرنى قىلماقچى ئىدىم! — دېدى.

— قوزام، قانداق نەرسە سىزنىڭ بۇ سەبىي قەلبىڭىزنى شۇنچە قايغۇ ـ هەسرەتكە سالدى؟ سىز ئۆزىڭىزنى خۇشال قىلىدىغان هەممە نەرسىگە ئىگىغۇ؟

— مەن گەرچە تۇغقانلىرىم، دوستلىرىم ئۈچۈن ياشاشنى خالىساممۇ، لېكىن مەن يەنىلا جەننەتكە كېتىشنى خالايمەن. بۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن ئىشلار مېنى ئازابلايدۇ، مەن جەننەتتە ياشاشنى خالايمەن. ئەمما، مەن سىزدىن ئايرىلىشنى خالىمايمەن، مېنىڭ يۈرىكىم پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى.

— قانداق ئىش سىزنى شۇنچە ئازابلىدى، ئىۋا، بۇ قورقۇنچلۇق بىر ئىشقۇ؟

— بۇ هازىر هەر كۈنى قىلىنىۋاتقان، ئىلگىرىمۇ داۋاملىق قىلىنىپ كەلگەن ئىشلار. مەن ئائىلىمىزدىكى

ئاشۇ بىچارە كىشىلەرگە ئىچىنىمەن، ئۇلار مېنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلار ماڭا شۇنچە ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ. دادا، مەن ئۇلارنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىشىنى ناھايىتى ئۈمىد قىلىمەن.

— جېنىم قىزىم ئېۋا، سىزنىڭچە ھازىر ئۇلارنىڭ كۈنى ياخشى ئۆتۈۋاتامدۇ؟

— ئەمما، دادا، ناۋادا سىزگە ياخشى كۈننىڭ يامىنى كېلىپ قالسا، ئۇلار نېمە بولۇپ كېتەر؟ سىزدەك ياخشى ئادەملەر بەك ئاز ئىكەن! — ئېۋانىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەيتتى.

— بۇ بىر قىيىن مەسىلە، قوزام. مەن بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە بىرمۇ قۇلنىڭ بولماسلىقىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن، ئەمما مەن قانداق قىلغاندا بۇنى ئورۇندىغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن.

— ئۇنداق بولسا، سۆيۈملۈك دادا، مەن . . . ، — ئۇ بىردەم توختىۋېلىپ، ئىككىلەنگەن ھالدا دېدى، — مەن بۇ دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن تامغا ئازادلىق بېرىڭ!

— بولىدۇ، قوزام، مەندىن نېمە قىلىشنى تەلەپ قىلماڭ، مەن ھەممىنى سىزگە قىلىپ بېرىشنى خالايمەن.

سان كلار ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنى باغرىغا چىڭ باستى، زادىلا گەپ قىلالمىدى.



— سىزمۇ ئاخىر مېنىڭ قېشىمغا كېلدىڭىز، — دېدى قىز ناھايىتى خاتىرجەم، ئەمما قەتئىي ھالدا.

ئاجىز تەن ئىڭرانى تۇتۇپ تۇراتتى، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ تېنى تېخىمۇ بەك ئاجىزلاپ كەتتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئىڭرا ئادەتتىن تاشقىرى گۈزەل ۋە خۇشال كۆرۈنەتتى. ئۇ كارىۋىتىدا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بارلىق ئويۇنچۇقلىرى ۋە ئامراق نەرسىلىرىگە قارايتتى، ئۇلارنىڭ قايسىسىنى ئۆيدىكى كىملەرگە بېرىشنى تاپىلايتتى. بىرقانچە ھەپتىدىن بۇيان، ئۇنىڭ كەيپىياتى مۇنداق ياخشى بولۇپ باقمىغان، سۆزلىرى مۇنداق تەبىئىي چىقىپ باقمىغانىدى. دادىسى ئاخشىمى ئۇنى كۆرگىلى كەلدى، ئۇ، ئىڭرا كېسەل بولۇپ قالغاندىن بۇيان بۈگۈن مانا ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ساق ھالىتىگە قايتىپتۇ، دېدى. ئۇ قىزى بىلەن خوشلىشىپ ئۇنى سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن، يەنە ئوففىلىيە خېنىمغا: «ئاچا، قارىغاندا ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالالىغۇدەكمىز، ئۇ راستىنلا كۆپ ياخشى بولۇپ قاپتۇ» دېدى. بىرقانچە ھەپتىدىن بۇيان، سان كىلار ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك مۇنداق خاتىرجەم دەم ئېلىپ باقمىغانىدى.

ئەمما، تۈن يېرىمغا بارغاندا، ئوففىلىيە خېنىم ئۆيدە تېز - تېز مېڭىشقا باشلىدى. بۈگۈن ئاخشام تۈن

بويى ئۇخلىماي ئىۋاغا قاراش نىيىتىگە كەلگەندى. تۈن يېرىم بولغاندا، ئۇ بەزى ئۆزگىرىشلەرنى سەزدى. سىرتتا ساقلاپ ياتقان تام ئويغىنىپ كەتتى.

— تام، تېز دوختۇرنى چاقىر، تېز بول، — ئوفىلىيە خېنىم شۇلارنى تاپىلاپ بولغاندىن كېيىن، سان كلارنىڭ خانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى چەكتى.

— ئىنىم، بۇياققا چىقسىڭىز، — دېدى ئۇ.

بۇ ئاۋاز سان كلارنىڭ يۈرىكىگە بولقا بىلەن ئۇرغاندەك قاتتىق تەگدى. بەختسىزلىك يۈز بەردىمۇ ـ نېمە؟ ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، تېزلىك بىلەن قىزىنىڭ خانىسىغا كىرىپ ئېگىلىپ، قاتتىق ئۇيقۇدىكى ئىۋاغا قارىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، تام دوختۇرنى باشلاپ كىردى. تاممۇ قىزنى كۆرۈپ باشقىلارغا ئوخشاشلا ئۈندىمەي تۇرۇپلا قالدى.

— ئىلاھىم، ھوشىڭىزغا كەلگەيسىز، — تام ئېگىلىپ، ئاغزىنى ئىۋانىڭ قۇلاق تۈۋىگە ئەكېلىپ مۇراجىئەت قىلدى، — ئىۋا، مېنىڭ قوزام.

چوڭ كۆك كۆزلەر يوغان ئېچىلدى. ئىۋا كۈلۈمسىرىدى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەكچى، ئاغزىنى مىدىرلىتىپ گەپ قىلماقچى بولاتتى.

— سۆيۈملۈك دادا، — قىزچاق پۈتۈن كۈچىنى

ئىشقا سېلىپ، دادىسىنى چاقىردى ۋە قولىنى ئۆزىتىپ دادىسىنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلىدى، ئەمما ئۇنىڭ قوللىرى تېزلا چۈشۈپ كەتتى. سان كلار بېشىنى كۆتۈرۈپ، قىزىنىڭ چىرايىدىن ئۆلۈم ئالدىدىكى ئازابىنى كۆردى.

كارىۋاتتا ياتقان قىز ھاسىرايتتى، ئۇ ھالسىراپ ھالىدىن كەتكەنىدى، ئۇنىڭ چوڭ كۆزلىرىنىڭ قارىقى يۇقىرىغا تارتىلدى ـ دە، ھەرىكەتتىن توختىدى.

سان كلارنىڭ پۈتۈن خۇشاللىقى ۋە ئۈمىدى ئاڭسىز ھالدا پۈتۈنلەي مۇشۇ قىزىغىلا بېغىشلىناتتى. ئۇنىڭ باشقۇرۇۋاتقان ئىگىلىكى پۈتۈنلەي مۇشۇ قىزى ئۈچۈن ئىدى. ھازىر قىز ئۆلدى، سان كلارغا ئەمدى ئۇيلاش، قىلىشقا تېگىشلىك ھېچنېمە قالمىغاندەك تۇيۇلدى.

ئىۋانىڭ ھايات ۋاقتىدىكى تەلىپى بويىچە ئۇ بىر ئىشنى قىلماقچى، يەنى تامنى ئازادلىققا چىقىرىش ئۈچۈن زۆرۈر قانۇنىي رەسمىيەتلەرنى بېجىرمەكچى بولدى، ئەگەر رەسمىيەتلەر بېجىرىلىپ بولسىلا، تام ئەركىنلىككە ئېرىشەتتى.

— تام، — دېدى سان كلار تامنى ئەركىنلىككە چىقىرىش ئۈچۈن قانۇنىي رەسمىيەتلەرنى ئۆتەشكە باشلىغاننىڭ ئىككىنچى كۈنى، — مەن سېنى ئەركىنلىككە چىقارماقچىمەن، يۈك ـ تاقلىرىڭنى رەتلەپ تەييارلا،

يۇرتۇڭ كېنتوككى شتاتىغا قايتىشقا تەييارلىق قىل.

تام بۇ گەپنى ئاڭلاپ، شۇئان چىرايىغا كۈلكە يۇ-گۈردى، ئۇ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، — تەڭرىگە رەھمەت! سان كلار بېگىم! بېگىم، ماڭا ھەقىقەتەن نا-ھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلدىلا. ئەمما، بېگىم، ھازىر سىلى قاتتىق قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە تۇرۇۋاتىدىلا، مەن كەتمەيمەن، مەن بېگىمگە قانچىلىك ۋاقىت لازىم بول-سام، مەن بېگىمنىڭ يېنىدا شۇنچە ئۇزۇن قېلىشنى خالايمەن، — دېدى.

— مەن قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ۋاق-تىمدا سەن يېنىمدىن كەتمەمسەن، تام؟ سان كلار ھەسرەت ئىچىدە دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى، — ئەمما، مېنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتىم قاچان تۈگەيدۇ؟

— بېگىم، خرىستىئان دىنى مۇرىتى بولغان چاغ-لىرىدا دەرد ـ ھەسرەتلىرى تۈگەيدۇ، — دېدى تام.

— سەن ھەقىقەتەن شۇ كۈنگىچە كۈتۈپ تۇرماق-چىمۇ؟ — دېدى سان كلار كۈلۈمسىرىگەن ھالدا دېرىزە ئالدىدىن بۇرۇلۇپ، قولىنى تامنىڭ مۈرىسىگە قوي-دى، — ھەي، تام، ئاق كۆڭۈل ئەخمەق! مەن سېنى ئۇ كۈنگىچە ساقلاتمايمەن. ئۆيۈڭگە قايتىپ كەت، خو-تۇن ـ بالىلىرىڭنىڭ يېنىغا قايتىپ كەت، مەندىن ئۇ-لارغا سالام ئېيت!

— مەن بۇ كۈننىڭ كېلىشىگە ئىشىنىمەن، — دېدى تام كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، سەمىمىيلىك بىلەن، — تەڭرى بېگىمنىڭ يېڭى ۋەزىپىلەرنى زىممىلىرىگە ئېلىشىلىرىنى ئۈمىد قىلىدۇ!

— ۋەزىپە؟ سېنىڭچە ئۇ قانداق مۇھىم ۋەزىپە؟ قېنى ئاڭلاپ باقاي! — دېدى سان كلار.

— ھەي، تەڭرى ھەتتا مەندەك بىر بىچارىگىمۇ قىلىشقا ئىش تاپشۇرغان، سان كلار بېگىمدەك مۇنداق كىشىگە تېخىمۇ شۇنداق، ئۆزلىرى بىلىمى چوڭقۇر، مول، دوستلىرى كۆپ كىشى. سىلى خۇدا يولىدا ناھايىتى كۆپ ئىشلارنى قىلالايلا!

— تام، سېنىڭچە، خۇدا بىزدىن كۆپ ئىشلارنى قىلىشنى تەلەپ قىلىدىكەن ـ دە! — دېدى سان كلار كۈلۈمسىرەپ.

— بىزنىڭ خۇدانىڭ بەندىلىرى ئۈچۈن ئىش قىلىپ بېرىشىمىز خۇدا ئۈچۈن ئىش قىلىپ بېرىشتۇر، — دېدى تام.

— نېمىدېگەن ئېسىل ئىلاھىيەت نەزەرىيىسى ـ ھە! تام، مەن شۇنداق دېيەلەيمەنكى، سېنىڭ بۇ سۆزلىرىڭ B دوكتورنىڭ ۋەز ـ نەسىھەتلىرىدىنمۇ قالتىسكەن! — دېدى سان كلار.

بۇ چاغدا چاكار مېھمان كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى، ئۇ ئىككىسىنىڭ سۆھبىتى ئۈزۈلۈپ قالدى.

ئوففىلىيە خېنىم قاتتىق قايغۇغا چۆمدى، ئەمما، بۇ قايغۇ ـ ھەسرەت ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل، سەممىي قەلبىدە مەڭگۈلۈك مېۋە بەردى. ئۇ ھازىر تېخىمۇ مۇلايىم، تېخىمۇ مېھرىبان بولۇپ قالدى. ئەمما، ئۇ ئۆزىنىڭ كۆندىلىك مەسئۇلىيىتىنى جان كۆيدۈرۈپ، قىلچە بىپەرۋالىق قىلماي ئورۇندايتتى، پەقەت پوزىتسىيىسى بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ مۇلايىم، سىلىق بولۇپ قالغان، خۇددى قاتتىق ئويلىنىشتىن كېيىن تېخىمۇ ئالىيجاناب بولۇپ كەتكەندەك ئىدى. ئۇ توففىنى تەربىيىلەشكە تېخىمۇ كۆچ سەرپ قىلدى، ئۇ «ئىنجىل» تەلىماتى بىلەن ئۇنى تەربىيىلىدى، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىشتىن قورقمايدىغان بولدى، ئۇنىڭدىن يىرگىنىش كەيپىياتىدىمۇ بولمايدىغان بولدى، چۈنكى، ھازىر ئۇنىڭدا مۇنداق ھېسسىيات يوق ئىدى. ئوففىلىيە خېنىم ھازىر ئەۋا تۇنجى قېتىم ئۆزى بىلەن كۆرۈشكەندە ئىپادىلىگەن مۇلايىم پوزىتسىيە بىلەن توففىسقا مۇئامىلە قىلماقتا، ئۇ كىچىك قىزنىمۇ ئۆلمەس روھقا ئىگە ئىنسان، تەڭرى ئۆزىنى ئۇنى جەننەت ۋە ئەخلاق دۇنياسىغا باشلاپ بېرىشقا ئەۋەتكەن دەپ قارايتتى. توففى دەرھاللا خىرىستىئان مۇخلىسى بولالمىدى، ئەمما، ئەۋانىڭ ھاياتى ۋە

ۋاپاتى ئۇنىڭ قەلبىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. ھازىر ئۇنىڭدا ئىلگىرىكىدەك ئۇنداق بىپەرۋا-لىق، سوغۇق پوزىتسىيە يوق ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ قەل-بىدە مۇھەببەت قوزغالغان، قەلبى ئۈمىد، تەلپۈنۈش بىلەن تولغانىدى، تىرىشىپ ئۆگىنىشكە ئىرادە باغلى-غانىدى، گەرچە ئۇنىڭ بۇ تىرىشچانلىقى ئىزچىل ئە-مەس، بەزىدە توختاپ قالسىمۇ، ئەمما، توختاپ قالغاندىن كېيىن، يەنە قايتىدىن داۋاملاشتۇرالايتتى.

— مېنىڭچە سىز ئۇ شۇمتەكنى تەربىيىلەپ كېتە-لەيسىز، — دېدى سان كلار، — ئەگەر بىر ئادەمدە باش-قىلارغا ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتى بولىدىكەن، ئۇ ئادەم ياخشى ئادەم بولىدۇ. سىز ئۇنى چوقۇم ياخشى ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىسىز.

— بۇ بالا ناھايىتى زور دەرىجىدە ئالغا باس-تى، — دېدى ئوففىلىيە خېنىم، — مەن ئۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىمەن، ئەمما ئاۋگۇستىن، — دېدى ئۇ بىر قولىنى ئۇكىسىنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، — سىزدىن بىر ئىشنى سورىماقچىمەن: بۇ بالا كەلگۈسىدە كىمگە تەۋە بولىدۇ؟ ماڭىمۇ ياكى سىزگىمۇ؟

— ھەي، مەن ئۇنى بۇرۇنلا سىزگە بېرىۋەتتىمە-غۇ! — دېدى ئاۋگۇستىن.

— ئەمما، ئۇنىڭدا قانۇنىي رەسمىيەتلەر يوق، مەن

ئۇنىڭ قانۇنلۇق ھالدا مېنىڭ ئادىمىم بولۇشىنى تەلەپ قىلىمەن، — دېدى ئوففىلىيە خېنىم.

— ۋاي - ۋۇي، ئاچا، — دېدى ئاۋگۇستىن، — بۇنى كۆرگەن قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلغۇچىلار قانداق ئويلاپ قالىدۇ؟ ئەگەر سىز بىر قۇل ئىگىسىگە ئايلىنىپ قالسىڭىز، ئۇلار جەمئىيەتتىكى مۇنداق ئارقىغا چېكىنىشنى كۆرۈپ، ھەتتا ئاچلىق ئېلان قىلىشى مۇمكىن.

— بولدى، قالايمىقان ۋالاقشىۋەرمەڭ! مەن ئۇنىڭ مېنىڭ ئادىمىم بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، مۇنداق بولغاندا، مەن شىمالدىكى ئەركىن شىتاتلارغا ئېلىپ بارالايمەن، ئۇنىڭغا ئەركىنلىك بېرەلەيمەن، شۇنداق قىلالىسام، مېنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرىم بىكار كەتمىگەن بولىدۇ. ئەگەر سىز ئۇنى ماڭا راستىنلا بېرىشنى خالىسىڭىز، مەن سىزنىڭ بىر تەقدىم قىلىش ئىسپاتى ياكى قانۇنىي كۈچكە ئىگە بىر ھۆججەت بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

— بولىدۇ، بولىدۇ! — دېدى سان كلار.

ئۇ قەلەمنى قولىغا ئېلىپ، بىر تەقدىم قىلىش ئىسپاتى يازدى، ئۇ قانۇنىي ھۆججەتلەردىن پىششىق خەۋەردار ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ مۇنداق ھۆججەتلەرنى يېزىشى ناھايىتى ئوڭايغا چۈشەتتى، ئاندىن ئۇ ھۆججەتنىڭ

ئاخىرىغا ھۆسنخەت شەكلى بىلەن ئۆز ئىمزاسىنى قويدى.

— ئىپلىك! ئەمدىغۇ رەسمىي ھۆججەتنى قولىڭىزغا ئالغانسىز، خېنىم، — ئۇ گۇۋاھنامىنى ئۇففىلىيە خېنىمغا بەردى.

— ئوبدان ئىنىم، — دېدى ئۇففىلىيە خېنىم ناھايىتى خۇشال ھالدا، — ئەمما، يەنە بىر ئادەم گۇۋاھچى بولۇشى كېرەكمۇ - يوق؟

— ۋاي - ۋۇي، ئادەمنى ئەجەبمۇ بىزار قىلدىڭىز! ھە، توغرا، تېپىلدى! — ئۇ شۇنداق دېگەچ مارىنىڭ خانىسىغا كىردى:

— مارى، ئاچام سىزنى بۇنىڭغا قول قويۇپ بەرسە دەيدۇ، بۇ يەرگە قول قويۇپ بېرىڭ!

— بۇ نېمە؟ — دېدى مارى گۇۋاھنامىگە كۆز يۈگۈرتۈپ، — بەك كۈلكىلىك ئىش ئىكەن! مەن ئەسلىدە ئاچىمىزنى تەقۋادار خرىستىئان، بۇنداق قورقۇنچلۇق ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايدۇ دەپ قارايتتىم، — ئۇ شۇنداق دېگەچ ئىختىيارىيچىلا ئىمزا قويۇپ بەردى، — ئەمما، ئۇ بۇ كىچىك شۇمتەككە قىزىقىدىكەن، بۇ ھەقىقەتەن بىر ياخشى ئىش.

— ئۇ ھازىر ئەمدى سىزنىڭ بولدى، روھىمۇ، تېنىمۇ ھەممىسى سىزگە تەۋە بولدى، — دېدى سان كلار

گۇۋاھنامىنى ئۇنىڭغا ئۇزىتىپ.

— ئۇ ھازىرمۇ خۇددى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ماڭا مەنسۇپ ئەمەس، — دېدى ئوففىلىيە خېنىم، — خۇدادىن باشقا ھېچقانداق بىر بەندە ئۇنى ماڭا بېرەلمەيدۇ. پەقەت ھازىر مەن ئۇنى ئۆز ھىمايەمگە ئالالايدىغان بولدۇم، خالاس.

— بولدى، ئەمدى ئۇ قانۇنىي يول ئارقىلىق سىزنىڭ بولدى، — سان كلار شۇنداق دەپ بۇرۇلۇپ مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى.

ئوففىلىيە خېنىم مارىغا ناھايىتى ئاز ھەمراھ بولاتتى، شۇڭا ئۇ گۇۋاھنامىنى ئوبدان قويۇپ قويغاندىن كېيىن، سان كلارنىڭ ئارقىسىدىن مېھمانخانىغا كىردى.

— ئاۋگۇستىن، — دېدى ئۇ پوپايكا توقۇغاچ، — سىز چاكارلىرىڭىز ئۇچۇن ئالدىنئالا بىرەر تەييارلىق قىلىپ قويدىڭىزمۇ-قانداق؟ ناۋادا ئۇلار سىزدىن كېيىن قالسا قانداق قىلىدۇ؟

— ياق! — سان كلار يەنىلا گېزىتنى كۆرۈۋەردى.

— ئۇنداقتا مەن سىزگە بىر گەپنى ئېيتاي، سىز ھازىر ئۇلارغا شۇنداق يول قويۇپ بېرىۋاتىسىز، بۇ ئۇلار ئۈچۈن كەلگۈسىدە بىر رەھىمسىز ئىش.

سان كلار ئىلگىرىمۇ ھەمىشە مۇشۇلارنى ئويلىغان،

ھازىر ئۇ:

— مەن بەزى تەييارلىقلارنى قىلىشنى ئويلىغان، ئۇنى سىزگە ئېيتىمەن.

— قاچان ئېيتىسىز؟ — سورىدى ئوففىلىيە خې-نىم.

— ئاچا، نېمە بولدىڭىز؟ — دېدى سان كلار كۆ-رۈۋاتقان گېزىتنى قويۇپ، — سىز مېنى سېرىق قى-زىتما ياكى خولېرا بولۇپ قاپتۇ دەپ قاراپ، مېنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىمنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتامسىز قانداق؟

— بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان بەندىلەر ھەر ۋاقىت - ھەر زامان ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، — دېدى ئوففىلىيە خېنىم.

سان كلار گېزىتنى قويۇپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئۆزىنى خاپا قىلغان بۇ سۆھبەتنى ئاياغلاشتۇرماقچى بولۇپ، پېشايۋاندىكى ئىشىككە قاراپ ئاستا ماڭدى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئوففىلىيە خېنىم ئېيتقان «ئۆلۈم» دېگەن سۆزنى تەكرارلايتتى، ئۇ پېشايۋاننىڭ رېشاتكى-سىغا يۆلىنىپ، فونتاندىن ئېتىلىپ چۈشۈۋاتقان سۇ مونچاقلىرىغا قاراپ ئويغا پاتقان ھالدا تۇرۇپ كەتتى.

بۇ ئىللىق بىر كەچ ئىدى، ئالتۇن رەڭ كەچكى شەپەق زېمىننى قاپلىغانىدى. ئۇ پېشايۋاننىڭ يەنە بىر چېتىگە بارغاندا، تامنىڭ پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۇ يەردە

«ئىنجىل» نى ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. تام ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن پەس ئاۋازدا بىر سۆز ـ بىر سۆز-دىن ھەجىلەپ ئوقۇماقتا ئىدى.

— تام، مەن ساڭا ئوقۇپ بېرەيمۇ؟ — دېدى سان كلار، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

— ئۇنداقتا بېگىمنى ئاۋارە قىلمىسىغان بول-دۇم، — دېدى تام ھاياجانلانغان ھالدا، — بېگىم، سىلى ناھايىتى ئوچۇق ئوقۇيدىلا.

سان كلار «ئىنجىل» نى قولىغا ئېلىپ، تام ئاس-تىغا سىزىپ قويغان بۆلەكنى ئوقۇشقا باشلىدى.

— نېمە بولدىكىن، بىلمىدىم، بۈگۈن ئاخشام ھە-مىشە ئانام خىيالىمغا كىرىۋېلىۋاتىدۇ، — دېدى سان كلار، — كاللامدا غەلىتە بىر سېزىم بار، ئانام خۇددى يېنىمدا تۇرۇۋاتقاندەكلا سېزىمەن. ھەمىشە ئانام بۇرۇن دېگەن ئىشلار ئېسىمگە كېلىۋالىدۇ، غەلىتە ئىش، بەزىدە خۇددى ئىككىمىز بىرلىكتە ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەۋات-قاندەكلا ھېس قىلىمەن.

سان كلار مېھمانخانىدا ئۇياقتىن بۇياققا بىرقانچە مىنۇت ماڭغاندىن كېيىن:

— كوچىغا چىقىپ ئايلىنىپ كىرەي، نېمە يې-ڭىلىقلار باركىن، —دېدى.

ئۇ شلەپىسىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

تام ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پېشايۋاندىن ئۆتۈپ، هويلى-دىن چىققاندا:

— خوجايىن، ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولۇپ چىقايمۇ؟

—دەپ سورىدى.

— ھاجىتى يوق، — دېدى سان كلار، — بىر سا-ئەتتىن كېيىن قايتىپ كېلىمەن.

تام پېشايۋانغا كېلىپ ئولتۇردى، بۇ بىر گۈزەل ئاخشام بولۇپ، كېچە ئايدىڭ ئىدى، ئۇ ئېتىلىپ چۇ-شۇۋاتقان فونتانغا تىكىلگىنىچە شىرىلداپ چۈشۈۋاتقان سۇغا قۇلاق سالاتتى. تام ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى ئېسىگە ئالدى، ئۆزىنىڭ پات ئارىدا ھۆر ئادەمگە ئايلىنىدىغانلى-قىنى، ھەر ۋاقىت ئۆيىگە قايتىپ كېتەلەيدىغانلىقىنى ئويلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن جان تىكىپ ئىشلەپ، خوتۇنى ۋە بالىلىرىنىڭ ئەركىنلىكى-نى سېتىۋېلىشنى ئويلىدى. ئۆزىنىڭ كۈچلۈك، قاۋۇل قوللىرىنىڭ پات ئارىدا ئەمدى ئۆزىگە مەنسۇپ بولىدى-غانلىقىنى، ئۇنىڭ كۆپ ئىشلەپ، پۈتۈن ئائىلىسىنىڭ ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىنى ئويلىدى. ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە قەلبى خۇشاللىققا چۆمدى، ئۇ ئىختىيارسىز يۇرىكىنى سىلاپ باقتى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ياش، ئالىيجاناب خوجايىنىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلدى، بۇ ھازىر ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلانغا-

ىدى. ئەمدى ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى گۈزەل ئەۋاغا يۆتكەلدى، ئۇ كۆڭلىدە ئەۋا ھازىر بەلكىم پەرىشتىلەر بىلەن بىللە يورۇۋاتقاندۇ دەپ ئويلىدى، ئويلاۋېرىپ، ئالتۇن چاچلىق خۇشال ئەۋا خۇددى فونتان ئىچىدىن ئۆزگە قاراۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدى. شۇ ئويلار بىلەن ئۇنىڭ كۆزى ئىختىيارسىز ئۇيقۇغا كېتىپ قالدى. چۈشىدە ئۇ ئەۋانىڭ خۇددى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئوينىقلاپ، سەكرەپ ئۆزىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ بېشىدا يەسىمەن گۈلىدىن ياسالغان چەمبىرەك بارلىقىنى، ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالىنىڭ ئىنتايىن گۈزەل، كۆزلىرىدىن خۇشاللىق نۇرلىرى چاقناپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئەمما، ئۇ ئەمدى قايتا قارىغاندا، ئەۋا ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى تۇپراق ئاستىدىن چىقىۋاتقاندەكلا كۆرۈندى، ئۇنىڭ يۈزلىرى ئاجايىپ تاتىراڭغۇ ئىدى، كۆزلىرىدىن چوڭقۇر ئوي ۋە پاك نۇرلار چېچىلاتتى، بېشىدا ئالتۇن رەڭلىك نۇر ھالقىسى بار ئىدى. لېكىن، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا ئۇنىڭ سىماسى يوقاپ كەتتى. بىردىنلا ئىشىكنىڭ قاتتىق چېكىلگەن ئاۋازى ۋە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاڭلاندى. تام چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ دەرۋازىنى ئاچتى، ئېغىر قەدەملەر، قايغۇلۇق ئاۋازلار بىلەن تەڭ بىرقانچە ئادەم

كىرىپ كەلدى. ئۇلار تاختاي ئۇستىگە ياتقۇزۇلغان ئۇستىگە پىلاش يېپىلغان بىر ئادەمنى كۆتۈرۈپ كىردى. ئىشىك تۈۋىدىكى پانارنىڭ يورۇقى ئۇ ئادەمنىڭ چىرا- يىنى يورۇتتى، تامنىڭ شۇئان چىرايى تاتىرىپ كەتتى، ئۇ قاتتىق ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ۋارقىرىدى، ئۇنىڭ ئا- ۋازىدىن كارىدور تىترەپ كەتتى. كەلگەن كىشىلەر تاخ- تاي ئۇستىگە ياتقۇزۇلغان ئادەمنى مېھمانخانا ئىشىكىگە ئېلىپ كەلدى، ئوففىلىيە خېنىم يەنىلا مېھمانخانىدا پوپايكا توقۇۋاتاتتى.

بايا سان كلار بۈگۈنكى كەچلىك گېزىتنى كۆرۈش ئۈچۈن بىر قاۋاقخانىغا كىرگەنىدى. ئۇ گېزىت كۆرۈ- ۋاتقاندا، ئىچىپ مەست ئىككى ئەر مۇشتلىشىپ كەتتى، سان كلار ۋە يەنە ئىككى ئەر ئۇلارنى ئايرىۋېتىش ئۈچۈن ئارىغا كىردى. مۇشتلىشىۋاتقانلارنىڭ بىرسىنىڭ قولىدا ئوۋ پىچىقى بولۇپ، سان كلار ئۇنىڭ قولىدىكى پىچاقنى تارتىۋالماقچى بولغاندا، تۇيۇقسىز ئۇ مەست سان كلار- نىڭ بېقىنىغا بىر پىچاق سالدى.

هويلا ئىچىنى يىغا ئاۋازى، نالە ـ پەرياد، ۋارقىراشلار بىر ئالدى. چاكارلارنىڭ بەزىلىرى خۇددى تەلۋىلەردەك چاچلىرىنى يۇلاتتى، بەزىلىرى يەردە يىقىلىپ قالغانىدى، بەزىلىرى يىغلىغان پېتى نېمە قىلارىنى بىلمەي، هويلا ئىچىدە ساراڭلاردەك يۈگۈرەتتى. كۆرۈنۈشىدىن پەقەت تام

ۋە ئوففىلىيە خېنىم ئىككىسىلا ئۆزىنى سەل بىسىۋال-
غاندەك قىلاتتى. مارىنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى ئېغىر
دەرىجىدە تۇتقانىدى. ئوففىلىيە خېنىمنىڭ قوماندانلى-
قىدا مېھمانخانىغا دەرھال بىر كارىۋات قويۇلۇپ، بەدى-
نىدىن قان ئېقىپ تۇرغان سان كلار ئۇنىڭغا ياتقۇزۇل-
دى. ئۇ قاتتىق ئاغرىق ۋە قان كۆپ چىقىپ كەتكەنلى-
لىكتىن ھوشىدىن كەتكەنىدى. ئوففىلىيە خېنىم
جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، ئۇنىڭغا ھوشىغا كەلتۈرۈش
دورىسى پۇراتقاندىن كېيىن ئۇ ئاستا ـ ئاستا ھوشىغا
كېلىپ كۆزىنى ئېچىپ، ئەتراپتىكىلەرگە دىققەت بىلەن
قارىدى، ئاندىن مېھمانخانىغا، ئۆيدىكى ھەربىر نەرسىگە
دىققەت بىلەن ھەم قىيالمىغان ھالدا قاراپ چىقتى، ئا-
خىردا ئۇنىڭ نەزەرى ئانىسىنىڭ رەسىمىگە كېلىپ
توختىدى.

بۇ چاغدا دوختۇر كېلىپ، دەرھال يارىنى تەكشۈر-
دى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئىپادىدىن كۆپ ئۈمىدنىڭ يوق-
لۇقى چىقىپ تۇراتتى. ئەمما، ئۇ يەنىلا دەرھال يارا
ئاغزىنى تاڭدى. چاكارلار ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا
مېھمانخانا ئىشىكى ۋە پېشايۋانغا قارايدىغان دېرىزە ئال-
دىدا قىستىلىشىپ تۇراتتى. دوختۇر، ئوففىلىيە خېنىم
ۋە تام سالماق ھالدا ئىشلارنى ئالدىراش بىر تەرەپ
قىلماقتا ئىدى.

— ھازىر ئەتراپىمىكىلەر ھەممىسى كەتسۇن، كېيىنكى ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشى ئۇنىڭ مۇتلەق تىنچ مۇھىتقا ئېرىشىش - ئېرىشەلمەسلىكىگە باغلىق بولۇپ قالدى.

ئوففىلىيە خېنىم ۋە دوختۇر چاكارلارنى ئەمدىلا كېتىشكە بۇيرۇپ تۇرۇشىغا سان كلار كۆزىنى ئېچىپ، بۇ ئازاب چەككەن بىچارىلەرگە تىكىلدى:

— ھەي بىچارىلەر، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، ئۇنىڭ چىرايىدا ئىنتايىن ئازابلانغان بىر روھىي ھالەت ئەكس ئەتتى. ئادولف بۇ يەردىن زادىلا كەتكىلى ئۇنىمىدى، ۋەھىمە ئۇنى ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلدى، ئۇ لاسىدە بولۇپ يەردە ئولتۇرۇپ قالدى، ھەرقانچە نەسىھەت قىلىنسىمۇ ئورنىدىن تۇرۇشنى خالىمىدى. باشقا چاكارلار ئوففىلىيە خېنىمنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن، بېگىمىنىڭ ھايات - ماماتىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تىنچ بولۇشى ۋە بۇيرۇققا بويسۇنۇشىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ياۋاشلىق بىلەن چىقىپ كېتىشتى.

سان كلار گەپ قىلالمايتتى. ئۇ كۆزىنى يۇمغىنىچە كارىۋاتتا ياتاتتى، ئەمما ئېنىقكى، ئۇنىڭ قەلبى ئازابلىق خىياللار بىلەن پۇچۇلانماقتا ئىدى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ قولىنى يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان تامنىڭ

قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، — تام، مېنىڭ بىچارە چا-كىرىم، — دېدى.

— نېمە ئىش، بېگىم؟ — دېدى تام دەرھال.

— ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم! — دېدى سان كلار ئۇنىڭ قولىنى بېسىپ تۇرۇپ، — ماڭا دۇئا قىل!

— پوپ چاقىرىڭلار دېمەكچىمۇسىز؟ — دېدى دوختۇر.

سان كلار بېشىنى چايقاپ، تېخىمۇ سەمىمىيلىك بىلەن تامغا:

— ماڭا دۇئا قىل! — دېدى.

تام پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كېتىش ئالدىدا تۇرغان روھقا دۇئا قىلدى، بۇ روھ خۇددى ئۆزى ئىگىلەپ تۇرغان غەمكىن كۆك كۆزلەردىن ئۆتۈپ تامغا قادىلىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. بۇ دۇئا يىغا ئىچىدىكى بىر دۇئا بولدى.

تام دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، سان كلار قو-لىنى ئۇزىتىپ بولۇپ كەينىدىلا تارتىۋالدى ھەمدە سە-مىمىيلىك بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى، ئەمما، بىرەر گەپ قىلالمىدى. سان كلارنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغانىدى، ئەمما، ئۇ يەنىلا تامنىڭ قولىنى قويۇپ بەرمەي تۇتۇپ تۇراتتى. جەننەتتە ئاق تەنلىكلەر بىلەن قارا تەنلىكلەر باراۋەر ھالدا قول تۇتۇشۇپ تۇرالايدىكەن.

— ئاخىر ئۆيگە قايتىدىغان بولدۇم! — دېدى سان

كىلار پۇتۇن كۈچىنى يىغىپ.

شۇ گەپنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ پۇتۇنلەي ھالىدىن كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى خۇددى ئۆلگەن ئادەم-نىڭكىدەك تاتىرىپ كەتتى. ئەمما، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ چىرايىنى ئاجايىپ بىر خاتىرجەملىك قاپلىدى، ئۇ خۇددى ھېرىپ ھالىدىن كېتىپ ئۇخلاپ قالغان بالىدەك ياتاتتى.

ئۇ شۇ ھالەتتە بىردەم ياتتى. كۆپچىلىك ئۆلۈم ئەلچىسىنىڭ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. دەل روھ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان پەيتتە ئۇ بىردىنلا كۆزىنى ئاچتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئۇچرى-شىش خۇشاللىقى ئەكس ئېتىپ: «ئانا!» دېدى ــ دە، نەپ-سى ئۈزۈلدى.

نېگىر قۇللار ھەمىشە ئاق كۆڭۈل خوجايىنىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن قاتتىق ئازابلىنىدۇ. بۇ پۈ-تۈنلەي ئەقىلغا مۇۋاپىق ئىش، چۈنكى، مۇنداق شۇم تەقدىرگە ئۇچرىغان قۇللار ھىمايىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولىدۇ، يەككە ــ يىگانە ۋە ئېچىنىشلىق ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ، دۇنيادا تەقدىرى ئۇلاردىن پاجىئەلىك ئادەم بول-مايدۇ. قۇللارغا شۇ ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇلارنىڭ رە-ھىمدىل ۋە ئۆزلىرىگە غەمخورلۇق قىلىدىغان خوجايىن-لارغا ئۇچرىشى پەقەت ئۇندا بىر ياكى ئىككى پىرسەنت

بولىدۇ. شۇڭا، رەھىمدىل خوجايىنلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، قۇللار ھەمىشە ھۆكۈرەپ يىغلىشىدۇ، كۆڭلى قاتتىق بۇزۇلىدۇ، قارىغاندا بۇمۇ ئەقىلغا مۇۋاپىق ئىش ئىكەن.

سان كلار جان ئۈزگەندىن كېيىن، پۈتۈن ئائىلىنى بىردىنلا ۋەھىمە ۋە ئالاقزادىلىك قاپلىدى. ئۇ دەل راسا كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇۋاتقان چاغدا بەكمۇ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى. بۇ ئائىلىدىكى ھەربىر ئېغىز ئۆي، ھەربىر كارىدوردا، ھەممە يەردە ئۆكسۈپ يىغلىغان ئاۋاز ۋە ئۈمىدسىز نالە ـ پەريادلار ئاڭلىناتتى.

مارى ئۆزۈندىن بۇيان ئۆزىنى تاشلىۋەتكەچكە، نېرۋىلىرى ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتكەن، ئەمدى مۇنداق قورقۇنچلۇق زەربىگە ھەرگىز بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. ئېرىنىڭ نەپىسى ئۈزۈلگەندە، ئۇ نەچچە قېتىم ھوشىدىن كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى ئەر ـ خوتۇن بولۇشقان ئېرى ئۆزىدىن مەڭگۈ ئايرىلدى، ھەتتا ئۇنىڭغا «ئەلۋىدا» مۇ دېيەلمىدى.

ئوففىلىيە خېنىم ئۆزىنىڭ ئاجايىپ زېھنىي قۇۋۋىتى ۋە سەۋر ـ تاقىتى بىلەن تاكى نەۋرە ئىنىسى جان ئۈزگىچە ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي، پۈتۈن دىققىتى، پۈتۈن ۋۇجۇدى، بارلىق كۈچى بىلەن قىلىشقا تېگىشلىك ھەممە ئىشلارنى قىلدى. شۇڭا، بىچارە تام سەكراتقا

چۈشكەن خوجايىنىنىڭ روھىغا دۇئا قىلغان چاغدا، ئۇمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن دۇئا قىلدى.

ماتەم مۇراسىمى ئاياغلىشىپ، ھەشەمەتلىك كۆرۈنۈشلەر ئۆتۈپ كەتتى. ئىلگىرىكى زېرىكىشلىك، نادانلىقتا تولغان تۇرمۇش يەنە ئەسلىگە كەلدى. كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا يەنىلا «ئەمدى قانداق قىلىمىز؟» دېگەن مەڭگۈلۈك سوئال پەيدا بولدى.

مارى بۇ مەسىلىنى ئويلىدى، ئۇ كەلگۈ، ئازادە سەھەرلىك كىيىم كىيگەن ھالدا چوڭ يۇمشاق كرېسلودا ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا خاتىرجەمسىزلىنىپ تىت ـ تىت بولۇۋاتقان چاكارلار تۇراتتى. ئوففىلىيە خېنىم بۇ مەسىلىنى ئويلىدى، ئۇ شىمالدىكى ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كېتىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. چاكارلارمۇ بۇ مەسىلىنى ئويلىغان، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ھازىر ئېيتقۇسىز بىر ۋەھىمە قاپلىغان، چۈنكى، ھازىر ئەمدى ئۇلار ئايال خوجايىنىنىڭ قولىغا قالغان، ئۇلار ئايال خوجايىنىنىڭ تاش يۈرەك، رەھىمسىز ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى. ئۇلارغا ئىلگىرى ئايال خوجايىنىنىڭ بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئەر خوجايىنىنىڭ بولغانلىقىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئازادە، كەلگۈ ـ تاشا تۇرمۇش كۆچۈرگەنلىكى ناھايىتى روشەن ئىدى. ئەمدى خوجايىن ئۆلۈپ كەتتى، ئۇلارنى ھىمايە قىلىدىغان ئادەم قالمىدى،

هازىر كىسەللىك ئازابىدىن مىجەزى ئۆزگىرىپ غەلىتە بولۇپ قالغان ئايال خوجايىن چوقۇم ھەر خىل ئاماللار بىلەن ئۆزلىرىنى ئازابلىشى، خارلىشى مۇمكىن ئىدى.

بىرقانچە كۈندىن كېيىن، تام بالكوننىڭ يېنىدا چوڭقۇر ئويغا پاتقان ھالدا تۇراتتى، ئۇنىڭ يېنىغا ئادولف كەلدى. خوجايىن ئۆلۈپ كەتكەندىن بۇيان، ئادولف روھى چۈشكۈن، غەمكىن ھالدا يۈرەتتى. ئادولفقا ئايال خوجايىننىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقى، خوجايىن ھايات ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ بۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدىغانلىقى ئايان ئىدى. ئەمدى خوجايىن ئۆلۈپ كەتتى، ئۇ ھەر كۈنى دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ئەنسىرەپ يۈرەتتى، ئۆزىنى قانداق بىر شۇم تەقدىرنىڭ كۈتۈۋاتقانـ لىقىنى بىلمەيتتى. مارى ئۆزىنىڭ ئادۋوكاتى ۋە سان كلارنىڭ ئاكىسى بىلەن بىرقانچە قېتىم مەسلىھەتلەشـ كەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ دېدەكلىرى ۋە چاكارلىرىنى ئېلىپ دادىسىنىڭ قورۇقىغا كېتىشنى، قورۇ ـ جاي ۋە باشقا نېگىر قۇللارنى سېتىۋېتىشنى قارار قىلدى.

ــ بىلەمسەن، تام! ئايال خوجايىن ھەممىمىزنى سېتىۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، ــ دېدى ئادولف.

ــ سىز بۇنى قانداق بىلدىڭىز؟ ــ دەپ سورىدى تام.

— ئايال خوجايىن ئادۋوكات بىلەن مەسلىھەتلىشى- ۋاتقاندا مەن دېرىزە پەردىسىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئاڭلاپ قالدىم. بىرقانچە كۈندىن كېيىن، بىز سېتىۋېتىلىمىز!

— تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنايلى! — دېدى تام قوللىرىنى گىرەلەشتۇرۇپ، ئېغىر خورسىنغان ھالدا.

— بىز ئەمدى مەڭگۈ مۇنداق خوجايىننى تاپالماي- مىز، — دېدى ئادولف ئەندىشە قىلغان ھالدا، — ئەمما، مەن سېتىلىپ كېتىشكە رازىمەنكى، ھەرگىز تەۋەككۈل قىلىپ بۇ ئايال خوجايىننىڭ قولىدا قېلىشنى خالى- مايمەن.

تام بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى، ئۇنىڭ كۆڭلى غەش ئىدى. ئۇنىڭ سەۋر - تاقەتلىك قەلبىدە يەنە ئەركىنلىك- كە بولغان ئۈمىد ۋە يىراقتىكى خوتۇن - باللىرىغا بولغان سېغىنىش قوزغالدى. ئەمما، ھازىر پورتقا يېتىپ كېلەي دېگەن پاراخوتتىكى ماتروس يۇرتىدىكى چېركاۋ- نىڭ ئۇچلۇق مۇنارىنى ۋە سۆيۈملۈك ئۆيىنىڭ ئۆگزى- سىنى كۆرگەندە، تويۇقسىز پاراخوت ھادىسىگە ئۇچراپ ئۇ سۇغا چۆشۈپ كەتكەن، پەقەت قاراڭغۇ دولقۇنلار ئى- چىدە يۇرتى غىل - پاللا كۆرۈنۈپ يوقاپ كەتكەندەك بو- لۇۋاتاتتى. تام ئىككى قولىنى كۆكرىكىدە چىڭ گىرە- لەشتۇرۇپ، ئازاب بىلەن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى سەۋر قىلىپ توختاتتى، ئاندىن دۇئا - تەكبىر ئوقۇشقا باشلىدى،

بۇ بىچارە بوۋاي ئەركىنلىكنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈسىز قىزغىن مۇھەببەت بىلەن سۆيەتتى، شۇڭا بۇ خەۋەر ئۇنى بەكمۇ قاتتىق ئازابلىدى. ئۇ دۇئا ئوقۇغاندىن كېيىن قەلبى شۇنچە ئازابلىنىپ كەتتى.

ئىككىنچى كۈنى، تام، ئادولف ۋە يەنە 5 ـ 6 نېگىر قۇل سېتىۋېتىلىش ئۈچۈن قۇللار سارىيىغا ئېلىپ بېرىلدى.

تام ۋە يەنە باشقا ئۈچ قۇلنى بويى پاكار، دىقماققىنا كەلگەن قۇلدار لېگلېر سېتىۋالدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن چىرايلىق قۇل قىز ئېمىلىنمۇ بار ئىدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى ئىككى قۇلدار سېتىۋالدى.

تامنىڭ يېڭى خوجايىنى سىمون لېگلېر يېڭى ئورلېئاندا بىرقانچە ئورۇندىن سەككىز قۇل سېتىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئىككىدىن ـ ئىككىدىن كويزا بىلەن چېتىپ، رېد دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن پرېستاندىكى «دېڭىز قاراقچىسى» ناملىق پاراخوتقا ئېلىپ كەلدى. ئۇ قۇللارنى پاراخوتقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، پاراخوت قوزغالغاندىن كېيىن قۇللارنىڭ يېنىغا كېلىپ يەنە بىر تەكشۈرۈپ چىقتى. ئۇ تامنىڭ يېنىدىكى پۇلغا يارايدىغان ھەممە نەرسىنى ئېلىۋالدى، چۈنكى، ھازىر بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ مۈلكى بولۇپ



قالغانىدى. پۇلغا يارىمايدىغانلىرىنى دەرياغا تاشلىۋەتتى. ئەمما، تام يەنىلا بىر ئامال قىلىپ، ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك «ئىنجىل» نى ساقلاپ قالدى. لېكىن تامغا قۇللارغا كىيىشكە بېرىلگەن كونا كىيىملەر ۋە لاتا ئايانىنى كىيىشكە بۇيرۇق قىلدى.

پاراخوت رېد دەرياسىنىڭ قىزىل لايلىق تېز ئې- قىمىدا ئېقىمغا قارشى يۇقىرىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى.

دەريانىڭ ئىككى قېشى تىك، ھەممە ياق بىر خىللا زېرىكىشلىك ئىدى، ئېغىر قايغۇ ئىچىدىكى كۆزلەر ئارقىدا قېلىۋاتقان قىزىل تۇپراقلارغا ھەسرەت بىلەن قارىشاتتى. ئاخىر پاراخوت بىر كىچىك بازاردا توختىدى، لېگلېر ئۆزىنىڭ قۇللىرىنى ئېلىپ پاراخوتتىن چۈشتى.

تام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئەگرى- بۈگرى قاقاس يولدا بىر كونا ئات ھارۋىسىنىڭ ئارقىسىدىن قەدەملىرىنى ناھايىتى تەسلىكتە يۆتكەپ كېتىۋاتاتتى.

لېگلېر كۆپ ھاراق ئىچكەچكە، ناھايىتى مۈلايىم بولۇپ قالغانىدى. بۇ چاغدا، قورۇقنىڭ قاشالىرى كۆ- رۈنۈشكە باشلىدى، بۇ قورۇق ئەسلىدە باي ھەم ناھايىتى سالاپەتلىك بىر مۆتىۋەرنىڭ بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ، قورۇقنى ناھايىتى گۈزەل قىلىۋەتكەنىدى، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، قەرزلىرىنى تۆلەپ

تۈگىتەلمىگەن بولغاچقا، بۇ قورۇقنى لېگلېر ئەرزان باھادا سېتىۋالغانىدى. لېگلېر ئۇنى خۇددى باشقا نەرسىلەرگە ئوخشاش پۇل تېپىشنىڭ قورالى قىلىۋالغانىدى. شۇڭا، قورۇق ھازىر ناھايىتى قالايمىقان، كونا، چۆلدەرەپ قالغانىدى.

ئۆيلەرنىڭ ئالدى ئەسلىي قىرقىپ ناھايىتى ياخشى ئۆستۈرۈلگەن چىملىق بولۇپ، يەنە نۇرغۇن مەنزىرە دەرەخلىرى تىكىلگەنىدى. ھازىر ھەر خىل ئوتلار قالايمىقان ئۆسۈپ كەتكەن، ھەممە جايغا ئات باغلايدىغان قوزۇق قېقىلغانىدى. قوزۇق ئەتراپىدىكى چىملارنى ئاتلار دەسسەپ قۇرۇتۇۋەتكەن، ھەممە يەردە ئەسكى چېلەك، قوناق مەدىكى ۋە باشقا نەرسىلەر چېچىلىپ ياتقان بولۇپ، ئىنتايىن قالايمىقانىدى.

ئۆيلەر ئەسلىدە ئازادە ۋە چىرايلىق بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا جەنۇبنىڭ ئۇسلۇبىدا ئىككى قەۋەت قىلىپ سېلىنغان، تۆت ئەتراپىغا كەڭ پېشايۋان چىقىرىلغانىدى، ھەربىر ئىشىك ئۆينىڭ ئىشكى پېشايۋانغا ئېچىلاتتى، پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكلىرى خىشتىن قوپۇرۇلغانىدى.

ئەمما، ھازىر بۇ ئۆيلەر خۇددى چۆلدەرەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. بەزى دېرىزىلەرگە تاختاي قېقىلغان، بەزىلىرىگە ئەسكى ئەينەك سېلىنغان، پەنجىرە بىر تەرىپكە ساڭگىلاپ تۇراتتى، بۇلار بۇ ئۆيلەردىن خەۋەر ئالىدىغان

ئادەم يوقلۇقىدىن دىرەك بېرەتتى.

ئۆينىڭ تۆت ئەتراپى ئەسكى، پارچە تاختايلار، بۇغداي پاخىلى، ئەسكى چىلەك ۋە ئەسكى ساندۇقلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. هارۋا ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتكەن 3 ـ 4 غالجىر ئىت هويلىدىن ئېتىلىپ چىقتى، بەختكە يارىشا ئىتلارنىڭ ئارقىسىدىن تەڭلا چىققان كىيىملىرى كونا ئىككى نېگىر قول ۋارقىراپ ئىتلارنى توختىتىۋالدى، بولمىسا، تام ۋە ئۇنىڭ هەمراهلىرىنى ئىت چىشلىۋالغىلى تاس قالغانىدى.

— كۆردۈڭلارمۇ؟ — دېدى لېگلېر تام ۋە ئۇنىڭ هەمراهلىرىغا بۇرۇلۇپ، ياۋۇزلارچە ئىتلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، —ئەگەر ئاراڭلاردىن كىمكى قاچماقچى بولىدىكەن، هەرگىز ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ. بۇ ئىتلار قاچقان نېگىر قۇللارنى تۇتۇش ئۈچۈن بېقىلغان، ئەگەر ئۇلار ساڭا ئېتىلىپلا كېلىدىكەن، سېنى بىر ۋاخ مەززىلىك تاماق قىلىپ يەۋېتىدۇ. شۇڭا، ناهايىتى دىققەت قىلىڭلار! قانداق، سامپو؟! — دېدى ناهايىتى ئىتائەتمەن بىر نېگىر قۇلغا، بۇ ئادەمنىڭ كىيىملىرى ناهايىتى كونا بولۇپ، گىرۋىكى يوق قالپاق كىيگەنىدى، — بۇ بىرقانچە كۈندىن بۇيان ئەھۋال قانداق؟

— ناهايىتى ياخشى، بېگىم!

— كومپىر، — دېدى لېگلېر يەنە بىر نېگىر

قولغا، بۇ چاكار خوجايىنىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن، پۇت ـ قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۇسسۇل ئويناپ كېتىۋاتاتتى، ــ مەن تاپىلىغان ئىشنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟

ــ قانداق ئۇنتۇپ قالاي بېگىم!

بۇ ئىككى نېگىر قورۇقتىكى ئىش باشلىرى ئىدى. لېگلېر خۇددى ئوۋ ئىتلىرىنى كۆندۈرگەندەك ئۇلارنى پىلانلىق، باسقۇچلۇق ھالدا رەھىمسىز، ۋەھشىي قىلىپ تەربىيىلەۋاتاتتى. ئۇزۇن مۇددەتلىك تەربىيىلەش، مەشىق قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تەبىئىتى ئۆزگىرىپ، خۇددى ئوۋ ئىتلىرىدەك ۋەھشىي، رەھىمسىز بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار ھەتتا ئاق تەنلىك نازارەتچىلەردىنمۇ زومىگەر، رەھىمسىز ئىدى.

لېگلېر قورۇقنى بۆلۈپ ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى بويىچە باشقۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ يولى بەئەينى تارىختىكى بەزى ھۆكۈمرانلارنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا ئوخشايتتى. سامبو ۋە كومپېر ئىككىيلەن كۆڭلىدە بىر ـ بىرىگە ئۆچمەنلىك قىلاتتى، قورۇقتىكى بارلىق نېگىر قوللار بۇ ئىككىسىگە ئۆچ ئىدى. لېگلېر ئاردا ئوت قويرۇقلۇق قىلىپ، ئۈچ تەرەپنى ئۆزئارا سوقۇشقا سالاتتى، بۇ ئارقىلىق يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىلىۋالاتتى.

كىشىلەر دۇنيادا ھەمىشە ئۆزئارا بىر ـ بىرى بىلەن

ئالاقە قىلىپ ياشايدۇ، لىگلىر بۇ ئىككى قولچۇمىقىنىڭ ھەمىشە ئۆزى بىلەن يىقىن مۇناسىۋەتنى ساقلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، بۇنداق يىقىن مۇناسىۋەت ئۇلارنىڭ ھەرقانداق بىرىگە ھەر ۋاقىت ئاۋارىچىلىك كەلتۈرۈشى مۇمكىن ئىدى. ئەگەر ئۇلار ئىچىدىكى بىرسى ئۇنىڭ چىشىغا سەللا تېگىپ قويسا، ئۇ باش لىڭشىتىدىغانلا بولسا، يەنە بىرى دەرھال ئۇنىڭ ئەدىپىنى قاتتىق بىرەتتى.

ھازىر بۇ ئىككىسىلەن لىگلىرنىڭ يىنىدا تۇراتتى، ئۇلارنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى رەھىمسىز ئادەم، ھەتتا ياۋايى ھايۋاندىنمۇ بەتتەر تاش يۈرەك ۋە ياۋۇز بولىدۇ دېگەن ئەمەلىيەتنى چۈشەندۈرۈپ بىرەتتى. ئۇلار ئەپتىدىن رەزىل، كۆڭلى قارا، قوپال كۆرۈنەتتى، كۆز قارىچۇقلىرى توختىماي پىلدىرلاپ، قارشى تەرەپكە ئۆچمەنلىك بىلەن تىكىلەتتى. ئاۋازى توم، بوغۇق، قوپال ئىدى. كىيىملىرى كونا بولۇپ، بۇلار ھەممىسى ئەتراپتىكى ئاشۇ پاسكىنا، رەزىل مۇھىت بىلەن ناھايىتى ماس كىلەتتى.

— سامپو، بۇياققا كەل، — دېدى لىگلىر، — بۇ نەرسىلەرنى ئۆز جايىغا ئاپىرىۋەت، مانا، بۇ ساڭا ئالغاچ كەلگەن خوتۇن، — ئۇ شۇنداق دېگەچ يولدا سېتىۋېلىپ، ئېمىلىن بىلەن چېتىپ كويىزا سېلىپ قويغان بىر

خوتۇننىڭ قولىنى بوشىتىپ، ئۇنى سامپوغا ئىتتىر-دى، — مەن ساڭا بىر خوتۇن تاپقاچ كېلىشكە ماقۇل بولغان.

ئۇ خوتۇن بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ۋە ئار-قىغا داجىپ ۋارقىرىدى:

— بېگىم، يېڭى ئورلىئاندا مېنىڭ ئېرىم بار!

— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ، سەن بۇ يەردە يەنە بىر ئەر بىلەن كۆڭلۈڭنى ئېچىشنى خالىمامسەن؟ ماڭ! — لېگلېر قولىدىكى قامچىسىنى كۆتۈردى.

— كەل، ئامرىقىم، — دېدى لېگلېر ئېمىلىنىد-گە، — سەن مەن بىلەن بۇياققا كىر!

بىر نېگىر ئايال دېرىزە تۈۋىدە غەزەپ بىلەن قاراپ تۇراتتى، لېگلېر بىر ئۆيگە قاراپ ماڭدى، ئۇ ئايال جىددىي، قوپاللىق بىلەن بىرنېمىلەرنى دېدى. ئېمىلىن ئۇ ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتقاندا، تام بۇنىڭغا دىققەت قىل-دى، ئۇ كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئەنسىرىگەن هالدا ئېمىلىنگە قاراپ قالدى. لېگلېر غەزەپ بىلەن:

— كەيسى، ئاغزىڭنى يۇم! مەن كىمنى ياخشى كۆرگۈم كەلسە شۇنى ياخشى كۆرۈۋېرىمەن. سەن بۇنى باشقۇرالمايسەن!

تامنىڭ تۇرىدىغان يېرى خۇددى كوچىغا ئوخ-شايدىغان بىر قاتار لاپاس ئىدى، ئۇ لاپاسلار قورۇقنىڭ

ئۇ چېتىدە بولۇپ، قورقۇنۇچلۇق ئۆيلەردىن يىراق ئىدى. بۇ لاپاسلاردا ئۆي جاھازلىرى يوق، قۇپقۇرۇق ئىدى، پەقەت لاپاسنىڭ ئاستىغا سېسىق پۇراپ تۇرىدىغان مەينەت بوغداي پاخىلى تاشلانغانىدى. بۇ يەر ئەسلىدە بىر لاي يەر بولۇپ، ھېسابسىز پۇتلار ئاستىدا دەسسىلىپ قېتىپ كەتكەنىدى.

— مەن قايسى ئۆيدە تۇرىمەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ كەمتەرلىك بىلەن سامپودىن.

— بىلمەيمەن، مېنىڭچە مۇشۇ ئۆيدە تۇر، — دېدى سامپو، — قارىغاندا بۇ يەرگە يەنە بىر ئادەم سىغىدىكەن. ھازىر ھەممە ئۆيگە ئادەم تولۇپ كەتتى، ئەگەر يەنە ئادەم كېلىدىغان بولسا قانداق ئورۇنلاشتۇرارمىزكىن؟

ئۇ كىرگەندە ئۆيدە ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن كىشىلەر يېتىشاتتى، كەپە ئىچى ناھايىتى سېسىق، نەپەس ئېلىش قىيىن ئىدى. ئەمما، كېچە بىر يەرگە بارغان، ھاۋا سوغۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بولغاچقا، بىر كونا ئەدىيالغا پۈركۈنۈپ، ئۆزىنى پاخال ئۈستىگە تاشلىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، تام بۇ يېڭى مۇھىت بىلەن پۈتۈنلەي تونۇشۇپ كەتتى، نەدە ئۈمىد بارلىقىنى، قەيەردە ئېھتىيات قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىۋالدى. تام نېمىلا ئىش قىلمىسۇن، ئۇنىڭغا ناھايىتى پىششىق ۋە ماھىر ئىدى.

ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ ئادەتلەنگەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ ھە-
رىكەت مىزانى سەۋەبىدىن ئىشنى پۇختا ۋە ئەستايىدىل
قىلاتتى. ئۇنىڭ مىجەزى مۇلايىم، ئېغىر - بېسىق ئىدى.
ئۇ ئۆزىنىڭ قەتئىي، بوشاشمايدىغان تىرىشچانلىقى بى-
لەن ئۆزىنىڭ ناچار شارائىتىنى ئۆزگەرتىشنى ئۈمىد
قىلاتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە يەنىلا كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئېھ-
تىمال بىر ھاياتلىق يولىغا ئېرىشەرمەن دېگەن بىر
ئۈمىد يالقۇنجايتتى.

لېگلېر خېلى بۇرۇنلا تامنىڭ بىر كېرەكلىك ئادەم
ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىغانىدى. ئۇ تامنى بىرىنچى دە-
رىجىلىك قۇللار قاتارىغا ئايرىدى، ئەمما، كۆڭلىدە ئۇ-
نىڭغا ئۆچمەنلىك قىلاتتى، ئەسكى ئادەم ياخشى ئادەمدىن
بىزار بولىدۇ ئەلۋەتتە. لېگلېر يولەنچۇكسىز نېگىر
قۇللارنى رەھىمسىزلىك، ۋەھشىيلىك بىلەن ئۇرۇپ-
تىللىغاندا، تامنىڭ بىر چەتتە دىققەت بىلەن قاراپ تۇ-
رىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. بىر ئادەمنىڭ بىر ئىشقا
بولغان كۆزقارىشى خۇددى كەيپىيات ۋە مۇھىتقا ئوخ-
شاش سىرلىق بولۇپ، ھېچقانداق گەپ قىلىنمىسىمۇ،
باشقىلار ئۇنى سېزەلەيتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىشنى
قىلالايدىغان ئادەمنىڭ ئەڭ زۆرۈر شەرتى «تاش يۈرەك
بولۇش» ئىدى. لېگلېر تامنىڭ نېگىر قۇللارغا رە-
ھىمسىزلىك قىلمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە سېنى

چوقۇم تاش يۇرەك، قاتتىق قول قىلىۋېتىمەنغۇ دېگەن نىيەتكە كەلدى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە، قۇللار يىغىلىپ ئىشقا چۈشمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، تام ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بويى ئېگىز، زىلۋا، پۇت - قوللىرى سىلىق، كىيىملىرى رەتلىك، پاكىز بىر ئايالنى كۆردى. چىرايىدىن قارىغاندا، ئۇ 35 ـ 40 ياشنىڭ ئارىلىقىدا ئىدى. ئۇ بىرلا كۆرگەن ئادەمدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرىدىغان ئايال ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىغا شۇنداق بىر قارىسىلا، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى تۇرمۇشىنىڭ ئازاب - ئوقۇبەت، رومانتىك ۋە ئادەتتىن تاشقىرى بىر ھالەتتە ئۆتكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى.

تام ئېتىزغا بېرىپلا ئىشقا كىرىشىپ كەتتى، ئۇ ئايال ئۇنىڭدىن يىراقتا ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ دائىم بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئىش قىلغىنىغا قاراپ قوياتتى. تام بىر قاراپلا ئۇ ئايالنىڭ ئەزەلدىن پۇت - قولىنىڭ چاققان ئىكەنلىكى، شۇڭا ئىش قىلغاندا ھېچقانچە كۈچىمەيلا باشقىلاردىن تېز ئىشلەيدىغانلىقىنى كۆردى. ئۇ پاختىنى تېز ھەم پاكىز تېرەتتى، چىرايىدا ھەممىنى مەنسىتمەيدىغان بىر قاراش ئەكس ئېتەتتى.

بۈگۈن تام ئۆزى بىلەن بىللە سېتىۋېلىنغان بۇ ئايال بىلەن بىر مەھەل بىللە ئىشلىدى. ئۇ ئايال نا-

ھايىتى چوڭ ئازابقا بەرداشلىق بېرىپ ئىشلەۋاتاتتى، خۇددى ھازىرلا يىقىلىپ كېتىدىغاندەك بەدىنى توختىماي تىترەپ ئىرغاڭلايتتى. تام ئۇ ئايالنىڭ توختىماي دۈرۈت ئوقۇپ، دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ تاغىرىدىن نەچچە تۇتام پاختا ئېلىپ ئۇ ئايالنىڭ تاغىرىغا سېلىپ قويدى.

— ئۇنداق قىلماڭ، ئۇنداق قىلماڭ، — دېدى ئۇ ئايال ھەيران بولۇپ، — مۇنداق قىلسىڭىز ئۆزىڭىزگە ئاۋارىچىلىك تېپىۋالىسىز!

دەل شۇ چاغدا سامبو كېلىپ قالدى. ئۇ بۇ ئايالغا بەك ئۆچتەك قىلاتتى. ئۇ قامچىسىنى كۆتۈرۈپ، قوپال، سەت ئاۋاز بىلەن:

— نېمە قىلىۋاتىسەن، لۇسى، يەنە ھىيلىگەرلىك قىلىۋاتامسەن؟ — دېگىنىچە ئايالنى بىرنى تەپتى ۋە تامنىڭ بېشىغا بىر قامچا سالدى.

تام ئۈندىمەي ئىشىنى قىلىۋەردى، ئايال بەك ھالسىزلىنىپ كەتكەچكە زادىلا بەرداشلىق بېرەلمىدى ـ دە، ھوشىدىن كەتتى.

— مەن بۇنى ھوشىغا كەلتۈرىمەن! — دېدى نازارەتچى سەت ھىجىيىپ، — بىرنەرسە ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرىدۇ، ئۇ كامفارادىنمۇ ئۈنۈملۈك، — ئۇ تاش كىيىمىنىڭ يېڭىدىن بىر ئىلغۇچ يېڭنىنى ئېلىپ،

ئايالنىڭ بېشىغا سانجىدى. ئۇ ئايال قاتتىق ئىڭراپ، ئازاب بىلەن تېپىچەكلىدى.

— ئورنۇڭدىن تۇر، ئاڭلىدىڭمۇ ـ يوق؟ بولمىسا، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن!

يىڭنە ئايالغا تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، ئەمدى ئەسلىگە كېلىپ، ئاجايىپ بىر غەيرەت بىلەن جىنىنىڭ بارىچە ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

— ھە، مانا مۇشۇنداق ئىشلە! — دېدى سامپو، — بولمىسا، بۇگۈن ئاخشام ھايات قالىمەن دەپ ئويلىما، ئاڭلاپ قوي!

— ئەڭ ياخشىسى مەن ھازىرلا ئۆلەي! — دېدى ئايال، — ھەي خۇدا، يەنە قانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئازاب چېكەرمەن؟ ھەي خۇدا، نېمىشقا بىزنىڭ زارىمىزغا قۇلاق سالمايدىغانسەن؟!

تام يەنە ھېچنېمىگە قارىماي بېرىپ، ئۆزىنىڭ تاغىرىدىكى پاختىنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئايالنىڭ تاغىرىغا تۆكۈپ قويدى.

بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكەن ھېلىقى ناتونۇش ئايال يەنىلا ئىشلەۋاتاتتى. بۇ چاغدا ئۇ تامغا ناھايىتى يېقىن بولۇپ، بايىقى گەپلەرنى ئاڭلىغاچقا، ئىختىيارسىز ھالدا بېشىنى كۆتۈرۈپ قاپقارا كۆزلىرىنى تامغا تىكتى. ئاندىن ئۆزىنىڭ سېۋىتىدىن بىر قۇچاق پاختا ئېلىپ

تامنىڭ تاغىرىغا سىلىپ قويدى.

— سەن بۇ يەرنى زادىلا چۈشەنمەيسەن، بولمىسا، ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتىڭ. بۇ يەردە بىر ئايلا تۇرساڭ، سەن باشقىلارغا ياردەم قىلىدىغان ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايدىغان بولىسەن. چۈنكى، بۇ يەردە تىنچ ـ ئامان، خاتىرجەم ئۆتۈشنىڭ ناھايىتى تەسلىكىنى كېيىنچە بىلىپ قالىسەن. مېنى كەيسى دەپ چاقىرساڭ بولىدۇ.

— خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، خانىم! — دېدى تام. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا بۇ ھۆرمەت نامى بىلەن بۇ ھەمراھىنى ئاتىدى، بۇ ھۆرمەت نامىنى ئۇ ئىلگىرى مەرتىۋىلىك چوڭ ئائىلىلەردە تۇرغاندا ھەمىشە ئىشلە-تەتتى.

— خۇدا بۇ يەرلەرگە ھەرگىز نەزەر كۆزىنى سال-مايدۇ! — دېدى كەيسى ئۆزىنى باسالمىغان ھالدا. ئۇ پاختا تېرىپ ئالدىغا قاراپ كېتىۋەردى، ئۇ ھەممىنى مەنسىتمىگەن بىر قىياپەتتە كۈلۈمسىرەيتتى.

ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن، روھى چۈشكۈن قۇللار ئاستا مېڭىشىپ، گىر قويۇلغان ئۆيگە قاراپ كېلىشەت-تى، ئامالسىزلىق ئىچىدە پاختىلىرىنى جىڭلىتىشاتتى.

تام پاختىسىنى جىڭلىتىپ بولغاندىن كېيىن، تەشۋىشلەنگەن ھالدا بايا ئۆزى ياردەم بەرگەن ئايالغا قارىدى، ئۇنىڭ پاختىسىنى ئوڭۇشلۇق جىڭلىتىۋېلىشىنى



ئۈمىد قىلدى.

ئايال ماغدۇرسىزلىقىدىن دەلدەڭشىگىنىچە كېلىپ، پاختىسىنى ئۇزاتتى. لېگلېر ئۇنىڭ پاختىسىنىڭ خې-لىلا كۆپلۈكىنى كۆرۈپ، قەستەن ئاچچىقلىنىپ:

— ھە، ھۇرۇن خوتۇن! يەنە ئاز تېرىپسەنغۇ! بۇياققا ئۆت! ھېلى بىردەم تۇرۇپ ئەدىپىڭنى بېرىمەن! — دېدى.

ئايال ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئېگراپ قو-يۇپ، بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى.

بۇ چاغدا ھېلىقى كەيسى ئىسىملىك ئايال كېلىپ، پەرۋاسىز ھالدا پاختىسىنى ئۇزاتتى. ئۇ پاختىسىنى ئۇ-زىتىۋاتقان ۋاقىتتا، لېگلېر مەسخىرە ۋە سوئال نەزەرى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىگە قادىلىپ قارىدى.

ئۇ ئايالنىڭ قاپقارا كۆزلىرى لېگلېرغا قادالغان بولۇپ، ئېغىزىنى سەل مىدىرلىتىپ فرانسۇزچە بىر ئېغىز گەپ قىلدى. باشقىلار ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئۇقمىدى. لېگلېرنىڭ چىرايى ئىنتايىن ۋەھشىي بىر قىياپەتكە كىردى. لېگلېر قولىنى كۆتۈرۈپ، ئۇ ئايالنى ئۇرماقچى بولدى. ئۇ ئايال بۇنىڭغا قىلچە پەرۋا قىلماي، ئۆرۈلۈپلا كېتىپ قالدى.

— توختاپ تۇر! — دېدى لېگلېر، — تام، بۇياققا كەل. قارا، مەن ساڭا ئېيتقان، مەن سېنى ئادەتتىكى قارا ئىشقا سېلىشقا سېتىۋالمىغان! مەن سېنى ئۆستۈرۈپ،

ئىش بېشى، نازارەتچى قىلىمەن! سەن بۈگۈن كەچتىن باشلاپلا ئۆز ئىشىڭنى باشلا! ھازىر مۇنۇ خوتۇننى ئا-پىرىپ ئۆيدان ئەدىپىنى بەر! ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىنى سەن نەچچە قېتىم كۆردۈڭ، سەن ئۆزۈڭ نېمە قىلىشنى بى-لىسەن!

— كەچۈرسىلە، بېگىم، — دېدى تام، — مېنى مۇنداق ئىشقا سالمىسىلا. مەن مۇنداق ئىشنى قىلىشقا ئادەتلەنمىگەن، قىلالمايمەن.

— سېنى قامچا بىلەن راسا ساۋاپ قويسام، ئۆزۈڭ بىلمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆگىنىۋالايسەن! — لېگ-لىير قامچىسىنى كۆتۈرۈپ، تامنىڭ يۈزىگە قاتتىق بىرنى سالدى، ئارقىدىن قامچا خۇددى يامغۇردەك تاراس-لاپ ئۇرۇلۇشقا باشلىدى.

— قانداق؟ — لېگلىير توختاپ بىر نەپەس ئېلى-ۋالدى، — يەنە قىلالمايمەن دەمسەن؟

— شۇنداق بېگىم، — تام يۈزىدىن ئېقىپ چۈشۈ-ۋاتقان قانلارنى سۈرتتى، — مەن كېچە-كۈندۈز توخ-تىماي ئىشلەشكە رازى، بىر ئۆمۈر ئىشلەشكە رازى، ئاخىرقى نەپىسىمگىچە ئىشلەشكە رازى. لېكىن، ئۇنداق ئىشنى مەن توغرا ئەمەس دەپ قارايمەن. بېگىم، مەن ئۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن.

تام ناھايىتى مۇلايىم، پەس ئاۋازدا ئەدەپ بىلەن

سۆزلىدى. لېگلېر بۇنىڭدىن تام ئەسلىدە قورقۇنچاق، ئىتائەتمەن بىر ئادەم ئىكەن، دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى. تام ئاخىرقى سۆزلەرنى دەۋاتقاندا، ئاڭلىغانلارنىڭ كۆ. پىنچىسىنىڭ قورقۇپ چىرايىدا قان قالمىدى. ھېلىقى بىچارە ئايال ئىككى قولىنى بىر ـ بىرىگە جۈپلەپ، چىڭ يۇمۇپ: «ھەي، خۇدا!» دەپ ۋارقىرىدى. باشقا كىشىلەرمۇ قاتتىق خورسىنىشتى.

لېگلېر بىر ھازاغىچە نېمە قىلارىنى بىلمەي چەكچىيىپ تۇرۇپلا قالدى. بىردەمدىن كېيىن قاتتىق غەزەپ بىلەن:

— ھۇ، ئۆلگۈر قارا ئالۋاستى! مەن سېنى ئىشقا بۇيرۇسام، ئۇنى توغرا ئىش ئەمەس دېيىشكە پېتىنىۋا. تامسەن؟ سەنلەردەك ھايۋانلارنىڭ ئۇنى توغرا ياكى خاتا دېيىشكە نېمە ھەددىڭ بار؟ سەنلەرنىڭ مۇنداق قىلى. شىڭغا رۇخسەت يوق! سەن ئۆزۈڭنى نېمە دەپ چاغلاي. سەن! ئۆزۈڭنى بىر تۆرىمەن دەپ ئويلاپ قالغان ئوخ. شىمامسەن، تام بېگىم! ئېيتە قېنى، بۇ ئايالنى ئۇرۇش توغرىمۇ ـ ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق بېگىم، — دېدى تام، — بۇ بىچارە ئايال كېسەل ئىكەن، بەدىنى بەك ئاجىزلاپ كېتىپتۇ، ئۇنى يەنە ئۇرىدىغان بولساق، بەك رەھىمسىزلىك بولىدۇ. مەن بۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن، بۇنىڭغا ھەرگىز

قولۇم بارمايدۇ. بېگىم، ئەگەر مېنى ئۆلتۈرمەكچى بول- سىلا ئۆلتۈرسىلە. ئەگەر مېنى ھەرقانداق بىر ئادەمنى ئۇر دېسىلە، ئۆلۈشكە رازىمەنكى ھەرگىز ئۇنداق قىل- مايمەن.

تامنىڭ تەلەپپۇزى ناھايىتى مۇلايىم، ئەمما، پوزىت- سىيىسى شۈبھىسىزكى ئىنتايىن قەتئىي ئىدى. لېگلېر ئاچچىقىدىن تىترەپ كەتتى، كۆك كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتلىرى يېنىپ كەتتى، ھەتتا ساقىلىمۇ تىترىگىنىدىن تىك تۇرۇپ كەتتى. ئەمما، خۇددى بىر ۋەھشىي ھايۋان ئۆزىنىڭ ئولجىسىنى يېيىشتىن ئاۋۋال ئۇنى ئەخمەق قىلىپ ئوينىغاندەك، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ھاياجىنى ۋە زوراۋانلىق قىلىش نىيىتىنى بېسىۋېلىپ، ئاچچىق مەسخىرىگە ئۆتتى.

— ھەي، بىر ياخشى نىيەتلىك ئىت گۇناھكار كى- شىلەر ئارىسىغا كەپتۇ ـ دە! بىر ئەۋلىيا، بىر مۆتىۋەر بۇ گۇناھكارلار بىلەن قانداقتۇ بىر گۇناھ توغرىسىدا سۆزلەشكىلى كەپتۇ. بۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ئەۋلىيا ئىكەن ـ دە! ھىم، ھۇ مۇتتەھەم! تېخى بىر تەقۋادار قىياپىتىگە كىرىۋالغىنىنى! سەن «ئىنجىل» دىكى: «چاكارلار خوجايىنىڭلارغا بويسۇنۇڭلار!» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ باقمىغانمىدىڭ! مەن سېنىڭ خوجايىنىڭ ئەمەسمۇ؟ مەن سەن ئۆلگۈر قارا زەڭگىنى 1200 دوللارغا

سىتىۋالغان ئەمەسمىدىم؟! سېنىڭ روھ ۋە تېنىڭ ھازىر ماڭا مەنسۇپ ئەمەسمىكەن! — ئۇ ئېغىر ئۆتۈكى بىلەن تامنى قاتتىق بىرنى تەپتى،— گەپ قىل!

تامنىڭ تەن ۋە روھى دەھشەتلىك زۇلۇم، قاتتىق ئازاب ۋە خورلۇقۇقا ئۇچرىغاندا، بىر خۇشاللىق ۋە غەلىبە نۇرى ئۇنىڭ قەلبىدىن لاپ قىلىپ ئۆتتى. ئۇ بىردىنلا قەددىنى كۆتۈرۈپ كۆككە قارىدى، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى قانلار بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەنىدى، ئۇ ۋارقىراپ نالە قىلدى:

— ياق، ياق! بېگىم، مېنىڭ روھىم سىلىگە مەنسۇپ ئەمەس! سىلى ئۇنى سېتىۋالالمايلا. مېنىڭ روھىمنى ئۇنى مۇھاپىزەت قىلالايدىغان كۈچ سېتىۋالغان. كېرەك يوق، كېرەك يوق! سىلى ماڭا ھەرگىز زىيانكەشلىك قىلالمايلا!

— ھە! قىلالمايلا؟ قاراپ تۇرا! سامپو، كومپېر، بۇ ئىتنىڭ بالىسىنى ئاپىرىپ راسا ئەدىپىنى بېرىڭلار! ئۇ بىر ئايغىچە ئورنىدىن تۇرالمىسۇن! — دېدى لېگلېر مەسخىرىلىك كۈلۈپ.

ھېلىقى بەستلىك ئىككى نېگىر نازارەتچى دەرھال كېلىپ تامنى سۆرەپ ماڭدى، ئۇلار رەزىللىك بىلەن تەلۋىلەرچە ھىجىيىشاتتى، تۇرقى ـ سىياقى بەئەينى ئالۋاستىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇلار زادىلا قارشىلىق كۆر-

سەتمىگەن تامنى سۆرەپ ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، ھېلىقى بىچارە ئايال ئەنسىرىگىنىدىن چىرقىراپ كەتتى، ئۆيدە-كى باشقىلارمۇ دەۋرەپ ئورنىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى.

تۈن كېچە، تام چىگىت ئايرىش زاۋۇتىدىكى بىر تاشلاندۇق ئۆيدە يالغۇز ياتاتتى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن قان تەپچىپ تۇراتتى، ئۇ ئازاب ئىچىدە ئىڭرايتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ماشىنىلارنىڭ كونا زاپچاسلىرى، دۆۋە - دۆۋە پاختا توزۇندىلىرى ۋە باشقا ئەسكى - تۈسكىلەر تولۇپ ياتاتتى.

كېچە نەم ھەم تىنچىق، ئۆيدە سانسىز پاشىلار ۋە-ڭىلداپ ئۇچۇشاتتى، بۇنىڭ بىلەن تامنىڭ يارىلىرى تېخىمۇ ئەدەپ، ئۇنى قاتتىق ئازابلايتتى، بىئارام قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئىچى قىزىپ، ئاغزى قۇرۇپ قاتتىق ئۇسساپ كەتكەنىدى، بۇ ھەرقانداق ئازابتىن ئې-غىر ئازاب ئىدى. ئۇنىڭ ئازابى ئەڭ چېكىگە يەتتى.

— شەپقەتلىك خۇدا، بەندىلىرىڭگە قارا! ماڭا نۇس-رەت ئاتا قىل! بارلىق مۇشكۇللۇكلەرنى يېڭىشىمگە مەدەت بەر! — بىچارە تام ئازاب ئىچىدە خۇداغا نالە قى-لىپ ئىبادەت قىلاتتى.

ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلىنىپ بىرسى ئۆيگە كىردى، پا-نارنىڭ يورۇقى ئۇنىڭ يۈزىگە چۈشتى.

— كىم ئۇ؟ ئۇھ، خۇدا ھەققى، ماڭا ئازراق سۇ

بىرىڭلار!

ئۆيگە كىرگەن كەيسى ئىدى، ئۇ پانارنى قويۇپ، سوغىدىن سۇ ئېلىپ تامنىڭ بېشىنى يۆلەپ ئۇنىڭغا سۇ ئىچۈردى. تام بەك چاڭقاپ كەتكەچكە، بىراقلا بىر-قانچە ئىستاكان سۇ ئىچىۋەتتى.

— كۆپرەك ئىچىۋېلىڭ! — دېدى كەيسى، — مەن بۇنداق چاغدىكى ئەھۋالنى بىلىمەن. مېنىڭ كېچىسى چىقىپ مۇنداق كىشىلەرگە سۇ بېرىشىم بىرىنچى قې-تىملىق ئىش ئەمەس.

— رەھمەت خانىم، — دېدى تام سۇنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن.

كەيسى سىرتقا چىقىپ بىر پاخال سېلىنچا ئېلىپ كىردى، ئۇنىڭ ئۇستىگە سۇغا چىلانغان كاناپ رەخت سالدى، — كېلىڭ، بىچارە دوستۇم، دومىلاپ بۇنىڭ ئۇستىگە چىقىپ يېتىپ كۆرۈپ بېقىڭ!

تامنىڭ پۈتۈن ئۇستىۋېشى يارا بولغاچقا مىدىرلى-يالمايتتى، ئۇ خېلى ھەپىلىشىپ ئاران دېگەندە پاخال سېلىنچا ئۇستىگە چىقتى. ئۇ ھۆل كاناپ رەخت سې-لىنغان پاخال سېلىنچا ئۇستىگە چىقىپ ياتقاندا تېنى ئاجايىپ راھەتلىنىپ كەتتى.

ئۆزۈندىن بۇيان، بۇ ئايال قاتتىق ئۇرۇلۇپ، زە-خىملەندۈرۈلگەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يارىسىنى داۋالاپ،

ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قالغان، شۇڭا، ھەر خىل داۋالاش ئۇ-سۇللىرىنى پىششىق بىلەتتى. ئۇ ئارقىدىن تامنىڭ يا-رىلىرىنى تازىلاپ، مەلھەم دورا سۈرتۈپ قويدى. ئۇزۇن ئۆتمەي تامنىڭ ئازابى يېنىكلەپ، راھەتلىنىپ قالدى.

— بولدى، — دېدى ئۇ ئايال، — مەن پەقەت سىزگە شۇنچىلىكلا قىلىپ بېرەلەيمەن.

تام ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى. ئۇ ئايال يەردە ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ، تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى، كۆزلىرى ھاڭۋاقنىڭ ئۇدۇلغا قاراپ قېتىپ قالغانىدى، چىرا-يىدىن قايغۇ ـ ھەسرەت، ئازاب چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قالپىقى كەينىگە تارتىلغان، ئۇزۇن ھەم قارا بۇدۇر چاچلىرى تەڭداشسىز جامالىنى ئورىغان ھالدا مۈرىسىگە چۇشۇپ تۇراتتى.

— بۇنداق قىلغىنىڭىزنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، بىچارە دوستۇم، — دېدى ئۇ ئاخىردا، — بۇنداق قىلىشىڭىز بىھۇدە ئاۋارىچىلىك، سىز بىر باتۇر، ئەل-ۋەتتە سىز ھەقلىقسىز. ئەمما، ئۇلار بىلەن مۇنداق ئې-تىشىشىڭىز پۈتۈنلەي بىھۇدە ئاۋارە بولىسىز. سىز ئال-ۋاستىنىڭ چاڭگىلىدا، ئۇ ئىنتايىن يامان ئالۋاستى، ئۇ سىزنى ئۆزىگە بويسۇندۇرماي قويمايدۇ. مېنىڭ كۆڭلى-رىمنىڭ سەل ياخشىراق ئۆتۈشى، سەل ئەركىنرەك بو-لالىشىم، بەش يىلدىن بۇيان ئۇ مېنى ئۆزى بىلەن بىللە

يېتىشقا مەجبۇرلاپ، ئۆزىنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ھازىر، بۇ ئاچ كۆز، تويماس ئەبلەخ يەنە ئېمىلىنىنى سېتىۋېلىپ كەلدى. ئەمما، ئۇ مېنى ھەرگىز قويۇپ بەرمەيدۇ، مەن جاپا چەكسەممۇ سىلەر بىلەن بىللە پاختا تېرىشكە رازى، بۇ ھازىرقى كۈنلىرىمدىن مىڭ ھەسسە ياخشى.

تام بىرنەرسە دېمەكچى بولغانىدى، ئەمما، ئۇ ئىشارەت قىلىپ توختىتىۋالدى.

— بولدى، دوستۇم، گەپ قىلماڭ، ئازراق ئۇخلاپ ئارام ئېلىۋېلىڭ، — ئۇ سۇ قاچىسىنى تامغا بېرىپ چىقىپ كەتتى.

كەيسى لېگلېرنىڭ ئۆيگە قايتىپ كىردى، ئېمىلىن ئۆينىڭ ئەڭ چېتىدىكى بۇلۇڭدا قورققىنىدىن چىرايىدا قان يوق ھالدا ئولتۇراتتى. كەيسى كىرگەن چاغدا، ئۇ قىز قورققىنىدىن سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئەمما، ئۇ كىرگەن كىشىنى ئېنىق كۆرگەندە يۈگۈرۈپ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ھە، سىز ئىكەنسىز - ھە كەيسى! كەلگىنىڭىزگە بەك خۇشال بولدۇم. مەن بەك قورقۇپ كەتتىم، مەن تېخى... ھەي، سىز بىلمەيسىز، بۈگۈن ئاخشام پەستە قاتتىق جېدەل چىقتى، بەك قورقۇنچلۇق بولدى!

— خەۋىرىم بار! — دېدى كەيسى سوغۇققىنە، — مەن ئۇنداق ئىشلارنى بەك كۆپ كۆرگەن!

— ھەي كەيسى، دەپ بېقىڭە، بىز بۇ يەردىن قېچىپ كېتەلەيمىزمۇ؟ مەيلى نەگىلا بارساق، مەيلى يىلان بىلەن توشۇپ كەتكەن سازلىق بولسىمۇ مەيلى، ھەرقانداق جاي بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، بىز بۇ يەردىن باشقا بىرەر يەرگە قېچىپ كېتەلەيمىزمۇ؟

— گۆردىن باشقا ھېچنەگە قېچىپ كېتەلمەيمىز! — دېدى كەيسى.

— سىز ئىلگىرى ئۇرۇنۇپ باققانمۇ؟

— مەن نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قېچىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى كۆرگەن. ئەمما، ئاقىۋىتى قانداق بولدى؟ ئۇ ئەبلەخنىڭ قولىدىن قايسى شۇملۇق كەلمىگەن! بۇ يەردىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدا، يەنى قۇللار تۇرۇۋاتقان جاينىڭ يېنىدا بىر قۇرۇپ كەتكەن قاپقارا دەرەخ بار، دەرەخنىڭ ئاستى ھەممىسى كۆيدۇرۇپ تاشلانغان قۇللارنىڭ سۆڭەكلىرى ۋە كۇللىرى. قېنى ئۇ يەردە نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى باشقىلاردىن سوراپ بېقىڭ، ئۇلار ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالامدىكىن؟

— بەك قورقۇنچلۇق ئىكەن! — ئېمىلىنىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى، — ھەي، كەيسى، دەپ بېقىڭە، مەن قانداق قىلسام بولار؟

— ماڭا ئوخشاش ھالىڭىزغا قاراپ ئىش قىلىماڭ، ئامال بولمىغاندا ياخشىسى بويسۇنۇڭ، سىز پەقەت ئۈچ-مەنلىك ۋە قاغاش بىلەنلا ئاچچىقىڭىزنى چىقىرالايسىز.

ئۇلار ئىككىسى بۇ ئۆيدە سۆزلىشىۋاتقاندا، لىبگلىر غەرق مەست بولۇپ پەستىكى مېھمانخانىدا ئۇخلاپ قالغان ئىدى. لىبگلىر ئادەتتە ئاسانلىقچە مەست بولۇپ قالمايتتى، ئۇنىڭ تېنى قاۋۇل، ساغلام بولغاچقا، ئارقا-ئارقىدىن كېلىدىغان ئادەتتىكى ئۇنچىلىك تەسىرلەرگە تامامەن بەرداشلىق بېرەلەيتتى. ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا بىر ئادەم بولىدىغان بولسا، ئاللىقاچان نېرۋىسى كاردىن چىققان، ئېلىشىپ قالغان بولاتتى. ئەمما، ئۇنىڭ كاللىسى ئىنتايىن سەگەك بولۇپ، ئۆز كونتروللۇقىنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ھەرگىز ئارتۇقچە ھاراق ئىچمەيتتى.

لىبگلىر ھوشىغا كېلىپلا دەلدەڭشىگىنىچە بېرىپ، بىر ئىستاكان براندى ھارىقى قۇيۇپ بىراقلا يېرىمىنى ئىچىۋەتتى.

— تۈنۈگۈن ئاخشام، ئاناڭنى، ھۇ ئاناڭنى ئەجەب ئاۋارە بولدۇما! — دېدى ئۇ مېھمانخانىغا كىرىپ كەلگەن كەيسىگە.

— سىمون، سىزگە بىر نەسىھەت قىلاي، ئەمدى يەنە تامغا چېقىلىشىۋەرمەڭ. 1200 دوللارغا سېتىپ ئەكەلگەن

قۇلنى مۇشۇنداق دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش پەيتىدە ئۇ-رۇپ ياتقۇزۇپ قويدىڭىز. ئەگەر سىزنىڭ پاختىڭىزنىڭ ھوسۇلى باشقىلارغا يەتمىسە، مېنىڭچە سىز باشقىلار بىلەن تىكىشكەن ئىشىڭىزدا ئۇتتۇرۇپ قويىسىز.

لېگلېرنىڭ خۇددى باشقا قورۇق ئىگىلىرىگە ئوخ-شاش پاختا ھوسۇلىدا بىرىنچىلىكنى ئېلىشتىن ئىبا-رەت يۇقىرى ئىرادىسى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ بىرقانچە قورۇق ئىگىسى بىلەن بۇ يىلقى پاختا ھوسۇلىدا بى-رىنچى بولۇشقا تىكىشكەن. كەيسى ئايالارغا خاس سەزگۈرلۈك بىلەن بىراقلا ئۇنىڭ جان يېرىگە تەگدى.

— بولىدۇ، ھازىرچە ئۇنى يەنە جازالىماي، ئەمما، ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا خاتالىقىنى تونۇشى كېرەك، بۇنىڭدىن كېيىن ئالدىمدا ياۋاش بولۇشى كېرەك، — دېدى.

— ئۇ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ، — دېدى كەيسى.

لېگلېر كەينىگە بۇرۇلدى، ئۇ ۋاقتىنچە بۇ ئىشنى قويۇپ تۇرۇش نىيىتىگە كەلدى.

تام لوكېر بىر دىنىي مەزھەپدىشىنىڭ ئاپئاق كىرلىك سېلىنغان پاكىز كارۋىتىدا ئۇياقتىن-بۇياققا ئۆرۈلۈپ، ئىڭراپ ياتاتتى. دىنىي جەمئىيەتتىكى دوكاس موماي خۇددى مېھرىبان ئانىدەك ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماقتا، تام لوكېرنىڭ خۇددى كېسەل بولغان ياۋا كالىدەك قاتتىق بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى، تىپىرلاۋاتقانلىقىنى

سەزمەكتە ئىدى.

ئۇ ئىپگىز بوي، يۇرۇش ـ تۇرۇشى سالاپەتلىك، پاك ـ يۈكسەك پەزىلەتلىك ئايال بولۇپ، تۈز يوللۇق سىپتا رەختتىن تىكىلگەن قالپىقى ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاقۇچ چاچلىرى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە ئايرىلغان، چىرايـ لىق قاتلانغان ئاق قول ياغلىقى مەيدىسىگە قىستۇرۇلـ غان، كەڭ، ئاپئاق پېشانىسى ئاستىدىكى مېھرىبان كۆزلىرى كۆل رەڭ ئىدى. ئۇ پارقىراپ تۇرغان قەھۋە رەڭلىك تاۋار كوپتا ـ يوپكا كىيگەن بولۇپ، ئۆيدە تىـ ۋىش چىقارماي ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭماقتا ئىدى.

— مېنى جىن ئۇرۇپتۇ! — تام لوكېر بىردىنلا ئاچچىق بىلەن ئۇستىدىكى ئەدىيالنى تېپىۋەتتى.

— تام، ھەرگىز مۇنداق قوپال گەپلەرنى قىلـ ماڭ! — دېدى دۇكاس موماي، ئۇنىڭغا ئەدىيالنى يېپىپ، قىستۇرۇپ قويۇۋېتىپ.

— بولىدۇ، مەن دېمەي، موما، مەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاي! — دېدى تام، — ئەمما، ئۆي مۇنداق ئىسسىق تۇرسا، تەرلەپ كېتىۋاتىمەن، مەن زادىلا چىدىيالمىدىم.

دوكاس موماي ئۇنىڭ ئۇستىدىكى بىر ئەدىيالنى ئېلىۋېتىپ، كىرلىكلىرىنى تۈزەشتۇرۇپ، ئۇستىدىكى ئەدىيالنى قىستۇرۇپ ئوبدان يېپىپ، خۇددى كېپىنەك

قوچىقىغا ئوخشىتىپ قويىدى. ئۇ ئىشنى قىلىۋېتىپ:

— دوستۇم، سىزدىن شۇنى ئۈمىد قىلىمەن، ھەمىشە باشقىلارنى قاغاپ، تىللاۋەرمەڭ، ئۆزىڭىزدىنمۇ كۆرۈڭ! — دېدى.

— ھۇ ئاناڭنى! نېمىشقا ئۆزۈمدىن كۆرىدىكەنمەن؟ مەن مۇنداق ئىشلارنى ئويلاشنى ھەرگىز خالىمايمەن، جىن ئۇرسۇن ئۇلارنى! — تام بىردىنلا ئۆرۈلۈپ ئۈستىدىكى ئەدىيالنى چۇشۇرۇۋەتتى، كاربۇات ئۈستىنى قالايمىقان قىلىۋەتتى.

— ھېلىقى ئەر ۋە ئايال ئېھتىمال مۇشۇ يەردىدۇ ـ ھە؟ — دېدى ئۇ سەل توختىۋېلىپ، غەمكىن ھالدا.

— ھەئە، — دېدى دۇكاس موماي.

— ئۇلار ئەڭ ياخشىسى ئىرى كۆلى بويىغا كېتىشى كېرەك، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى! — دېدى تام.

— ئۇلار ئېھتىمال شۇنداق قىلار، — دېدى دۇكاس موماي خاتىرجەم ھالدا پوپايكا توقۇۋېتىپ.

— گېپىمنى ئاڭلاڭ، — دېدى تام، — بىزنىڭ ساندىسكىدا ئادەملىرىمىز بار، ئۇلار كېمىلەرنى نازارەت قىلىدۇ، بىزگە خەۋەر يەتكۈزىدۇ. بۇ گەپنى ھازىر دېسەممۇ ھېچ ۋەقەسى يوق. مەن ئۇلارنىڭ قېچىپ كېتەلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۆلگۈر ئەبلەخ ماكس ئاچچىق

يوتۇپ ئۆلسۇن، ئۇنى جىن ئۇرسۇن! ئۇ ئايالغا ئېيتىپ قويۇڭلار، ئۇ نىقابلىنىۋالسۇن، ئۇنىڭ رەسمى ھازىر ساندۇقىغا ئاپىرىپ بېرىلدى.

— بىز بۇنىڭغا دىققەت قىلىمىز، — دېدى دوكاس موماي ناھايىتى خاتىرجەم ھالدا.

تام ساندۇقىدا بىزنىڭ ئادەملىرىمىز بار دەپ قويۇ-غاچقا، كۆپچىلىك يەنىلا بۆلۈنۈپ ماڭغىنىمىز ياخشىكەن دەپ قاراشتى. جىم ۋە ئۇنىڭ ئانىسى بىرىنچى تۇركۇمدە ماڭدى. ئىككى كۈندىن كېيىن قايتىدىن جەم بولغان جورجى، ئىلمىزا ۋە بالىسى يوشۇرۇن ھالدا ساندۇقىغا ئاپىرىلىپ، بىر مېھماندوست كىشىنىڭ ئۆيىگە ۋاقتىنچە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلدى، ئۇلار كېمە بىلەن كۆلدىن ئۆ-تۈپ، ئەڭ ئاخىرقى سەپىرىنى تاماملىماقچى بولدى.

ئۇلارنى ئىلكىگە ئېلىۋالغان قاراڭغۇ كېچە ئاخىر-لىشاي دەپ قالغان، ئەركىنلىك تېڭى ئۇپۇقتىن كۆرۈ-نۈشكە باشلىغان ئىدى. ئىھ، ئەركىنلىك!

بۈگۈن ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق، ئىرى كۆلنىڭ كۆ-كۈچ دولقۇنلىرى كۈن نۇرىدا جىمىرلايتتى. قىرغاقتىن مەيىن شامال ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

پاراخوت كانادا چېگرىسىدىكى دەريا بويىغا جايلاشقان موست قەلئەسىگە يېقىنلىشاي دەپ قالغاندا، جورجى ۋە ئايالى قولنى قولغا تۇتۇشۇپ پالوبىدا قاراپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ نەپسى تېزلىشىپ، ئېغىرلاشماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىنى تۇمان قاپلىغان، ئۇن-تىنسىز ھالدا بە-لىكىگە ئېسىلىپ تۇرغان، تىترەۋاتقان كىچىك قولنى چىڭ تۇتۇپ تۇراتتى. گۈدۈك چېلىندى، پاراخوت پرېس-تاندا توختىدى. ئۇلار يۈك-تاقلىرىنى ئېلىپ قىرغاققا چىققاندىن كېيىن، تاكى پاراخوتتىكى پۈتۈن يولۇچىلار چۈشۈپ كېتىپ بولغۇچە قىرغاقتا جىمجىت ھالدا قا-راپ تۇردى. جورجى ۋە ئايالى شۇ چاغدىلا بىر-بىرى بىلەن چىڭ قۇچاقلىشىپ، ئۇزۇنغىچە ئىسسىق ياشلى-رىنى تۆكتى، ئاندىن ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ تۇرغان بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، يەرگە يۈكۈندى ۋە تەڭرىگە چىن دىلىدىن رەھمەت ئېيتتى.

تام ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغۇچىنىڭ تەھدىتلى-رىنى ئاڭلاپ، ئۆز كۈنلىرىنىڭ ئاخىرلىشىپ قالغانلى-قىنى چۈشەندى. ئۇ ئالدىغا يەنە بىر قەدەملا ماڭسا ئۆ-زىنىڭ قۇتقۇزغۇچى خۇدا ئىسانى ۋە جەننەتنى كۆرىدى-غانلىقىنى ئويلاپ، ھەممە ۋەھىمە، قورقۇنچلارنى كاللى-سىدىن چىقىرىۋەتتى، مەن ھەرقانداق قىيىن-قىستاق، ئوتتا كۆيدۈرۈش جازاسى ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە بەر-داشلىق بېرەلەيمەن دەپ ئويلىدى. ئەمما، زىيانكەشلىك قىلغۇچى كەتكەن ۋە ھاياجىنى بېسىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە جىسمانىي ئازابنى ھېس قىلىشقا باشلىدى، ئۆ-

زىنىڭ قاتتىق ھېرىپ ـ چارچىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى، ئۆزىنىڭ قاتتىق خورلۇق، ئۇمىدسىزلىك ۋە گاڭگىراش ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى، بىر كۈن ئىنتايىن مۇشكۈلچىلىك ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى.

تامىنىڭ يارىسى تېخى ساقايماي تۇرۇپ، لېكىن ئۇنى يەنە ئېتىزغا بېرىپ ئىشلەشكە مەجبۇرلىدى. ئەمدى تام ھالىدىن كەتكىنىگە قارىماي، يەنە كېچە ـ كۈندۈز ئازاب چېكىشكە باشلىدى. ھېلىقى رەزىل، زەھەرخەندە ئەبلەخ يەنە ئۇنى ھەرخىل ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن قىيناپ تىتى، خورلايتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۈنى تېخىمۇ تەسلىشىپ كەتتى. تام ئەمدى ھەمراھلىرىنىڭ چۈس، ئەسكى مىجەزلىرىدىن ھەيران قالمايدىغان بولدى. شۇنداق بولۇپلا قالماي، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى مۇلايىم، ئوچۇق مىجەزىنىڭ ئېغىر زۇلۇمنىڭ نابۇت قىلىشى بىلەن ئۆزگىرىپ چۈس بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى.

كەيسى بۇ ئۆمرىدە زۇلۇم ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتنى يەتكۈچە تارتتى، شۇڭا، ئۇ ھەممىدىن ئۇمىدىنى ئۈزۈپ تەلۋە ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ھەمىشە پۇرسەت ئىزدەپ، ئۆچ ئېلىشنىلا ئويلايتتى، ئۆز

بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋەھ-شىيلىك، ئادالەتسىزلىكلەردىن ئىنتىقام ئېلىپ، نو-مۇسىنى ئاقلاشنى ئويلايتتى.

بىر كۈنى كېچىسى، تام تۇرۇۋاتقان ئۆيدىكى باشقا كىشىلەر ھەممىسى قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەن ئىدى، ئۇ بىردىنلا دېرىزىنىڭ يوچۇقىدىن كەيسىنى كۆرۈپ قالدى، كەيسى ئۇنىنى چىقارماي ئۇنىڭغا سىرتقا چىقىشقا ئى-شارەت قىلىۋاتاتتى.

تام سىرتقا چىقتى، يېرىم كېچە سائەت 1 ـ 2 لەر بولۇپ قالغان، كېچە ئاجايىپ سۈزۈك، ئايدىڭ ئىدى. يورۇق ئاي نۇرى كەيسىنىڭ قاپقارا كۆزلىرىگە چۈش-كەندە، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئىلگىرىكى ئۈمىدسىزلىك ۋە جانسىزلىق ئەمەس، بەلكى قاتتىق ھاياجان ۋە ئاجايىپ بىر نۇر چاقنايتتى.

— بۈياققا كېلىڭ، تام تاغا، — كەيسى كىچىك قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ بېغىشىدىن تارتىپ، ئالدىغا كۈچ بىلەن سۆرىدى، ئۇنىڭ قولى گويا پولات قولغا ئايلىنىپ قالغاندەك كۈچلۈك ئىدى، — كېلىڭ، سىزگە دەيدىغان بىر ئىش بار؟

— نېمە ئىش ئىدى، كەيسى خانىم؟ — دېدى تام دەرھال.

— تام، سىزگە ئەركىنلىك كېرەكمۇ؟



— مەن خۇدانىڭ دەرگاھىغا بارغاندا ئەركىنلىككە ئېرىشىمەن، خانىم، — دېدى تام.

— ھەي، بۇگۈن ئاخشاملا ئەركىنلىككە چىقىدىسىز، — دېدى كەيسى ناھايىتى ھاياجان ئىشەنچلىك قىلىپ، — مېڭىڭ!

تام ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— تېز بولۇڭ! — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا قارا كۆزلىرىنى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىپ، — تېز بولۇڭ، ئۇ ھازىر ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كەتتى. مەن ئۇ ئىچكەن براندى ھارىقىغا كۆپ ئۇيقۇ دورىسى سېلىۋەتتىم. ئەگەر دورا تېخىمۇ كۆپ بولغان بولسا ئىدى، سىزنى ھەرگىز ئىزدەپ كەلمەيتتىم. مېڭىڭ، ئارقا ئىشىكتە قۇلۇپ يوق، مەن ئۇ يەرگە بىر پالتا قويۇپ قويدۇم، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق، مەن سىزنى باشلاپ بارىمەن. مەن ئۆز قولۇم بىلەن ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم، ئەمما، مەن بۇنىڭغا ئاجىزلىق قىلىدىكەنمەن. مېڭىڭ، بولۇڭ!

— خانىم، ھەرگىز ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ! — دېدى تام قەتئىي ھالدا. ئۇ توختاپ، جېنىنىڭ بارىچە ئۆزىنى تارتىپ كېتىۋاتقان كەيسىنىڭمۇ ئالدىنى توستى.

— سىز ئازاب چېكىۋاتقان بارلىق قۇللارنى ئويلاڭ!

بىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئازادلىقتا ئېرىشتۇرەلەيمىز، بىز سازلىق ئىچىدىكى بىر ئارالغا بېرىۋالساق بولىدۇ. مەن بۇرۇن باشقىلارنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئاڭ- لىغان، مېنى قانداق كۈن كۆرمەيلى ھازىرقىدىن كۆپ ياخشى بولىدۇ.

— ياق، يامان ئىش قىلغان ئادەم ھەرگىز ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ. قولۇمنى كېسىپ تاشلاشقا رازىمەنكى ئۇنداق يامان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن! — دېدى تام كەسكىنلىك بىلەن.

— ئۇنداق بولسا، مەن ئۆزۈم باراي! — دېدى كەيسى ۋە بۇرۇلۇپلا ماڭدى.

— كەيسى خانىم! — تام بىردىنلا ئۇنىڭ ئالدىغا تىز- لاندى، — شەپقەتلىك تەڭرىنىڭ ھەققىدە ھەرگىز قىم- مەتلىك روھنى بىر ئالۋاستى ئۈچۈن خار قىلماڭ! بۇن- داق قىلسىڭىز بېشىمىزغا ئاپەت ياغىدۇ. تەڭرى بىزنى قىساس ئېلىشقا بۇيرۇمىدى، بىز سەۋر قىلايلى، تەڭرى- نىڭ بىزگە بىرەر پۇرسەت بېرىشىنى كۈتەيلى!

— كۈتەيلى؟ — دېدى كەيسى، — مەن كۈتمىدىممۇ؟ مەن كۈتۈۋېرىپ باشلىرىم گاڭگىراپ، يۈرەكلىرىم پا- رە- پارە بولۇپ كەتمىدىمۇ؟ ئۇ ئەبلەخ بېشىمغا قانداق زۇلۇملارنى سالمىدى؟ ئاشۇ نەچچە يۈز تەلەيسىزنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەرنى سالمىدى؟ ئۇ ئەبلەخ سىزنى

مۇشۇنداق ئۆلەر ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىمىدىمۇ؟ مۇنداق قىلىش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم! ئۇلار مېنى چاقىرماقتا! ئۇ ئەبلەخنىڭ كۆنى تۇگىدى، مەن ئۇنىڭ جېنىنى ئالىمەن!

— ياق! ھەرگىز ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ! — تام كەيسىنىڭ چىلىڭ تۇگۇلگەن، غەزەپتىن تارتىشىپ كېتىۋاتقان قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى، — ياق! نىشاندىن ئاداشقان بىچارە قوزا! ھەرگىز بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ! مۇقەددەس، رەھىمدىل تەڭرى ئەزەلدىن بىرەر كىشىنىڭ باشقىلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشىنى راۋا كۆرمەيدۇ! تەڭرى پەقەت ئۆزى قان تۆكىدۇ، بىز بەندىلەر ئۇنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ قالغان ۋاقتىمىزدا بىز ئۈچۈن قان ئاققۇزىدۇ. ئىھ، پەرۋەردىگار، بىزنى توغرا يولغا باشلا، دۈشمىنىمىزگە رەھىم قىلايلى!

— رەھىم قىلايلى! — كەيسىنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ، ئۆچمەنلىك نۇرى چاقنىدى، — دۈشمەنگە رەھىم قىلىش! بۇ بىر ئەقىل ئىگىسى بولغان بەندە قىلالايدىغان ئىش ئەمەس!

— شۇنداق، خانىم، بەندە قىلالايدىغان ئىش ئەمەس! — تام بېشىنى كۆتۈردى، — ئەمما، تەڭرى ئۇنى بىزگە بەخشەندە قىلغان، مانا بۇ غەلىبە. ئەگەر بىز ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ھەممىنى سۆيەلەيدىغان ۋە

ئۇنىڭ ئۇچۇن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدىغان بولساق، جەڭ ئاخىرلىشىپ، غەلىبە پەيتى يېتىپ كېلىدۇ، بۇ شان ـ شەرەپ تەڭرىگە مەنسۇپ! — تام كۆككە قارىدى، ئۇ ھا- ياجانلانغانلىقىدىن ئاۋازى بوغۇلۇپ چىقمىدى، كۆزلىرى- دىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

— ئېھ، ئافرىقا! ئويغىنىۋاتقان مىللەت! تەڭرى سېنى تىكەندىن ياسالغان تاج كىيىپ، قامچىلىنىشقا، قان ـ تەر ئاققۇزۇشقا، ئازاب كرېستىنى يۈدۈپ جازا مەيـ- دانىغا مېڭىشقا چاقىردى، مانا بۇ سېنىڭ غەلىبەڭ. تەڭرىنىڭ پادىشاھلىقى ئىنسانلار ئارىسىدا ئاپىرىدە بول- غاندا، سەنمۇ ئىسا خىرىستوس بىلەن بىللە پادىشاھ بو- لىسەن!

تامنىڭ بۇ چوڭقۇر، ئوتتەك قىزغىن ھېسسىياتى، تەسىرلىك، يېقىملىق تەلەپپۇزى، مۆلدۈردەك تۆكۈلۈۋاتـ- قان ياشلىرى خۇددى شىپالىق يامغۇردەك ئاشۇ بىچارە ئايالنىڭ بىئاراملىقتىن ئەسەبىيلىشىپ كەتكەن قەلبىـ- گە تۆكۈلمەكتە ئىدى، ئايالنىڭ كۆزلىرىدىكى قور- قۇنچلۇق نۇرلار ئاستا ـ ئاستا مۆلايىملاشتى، بۇنىڭ بە- لەن ئۇنىڭ بېشى پەسكە ساڭگىلىدى. ئايال سۆزلەشكە باشلىغان چاغدا تام ئۇنىڭ قولىنىڭ بولجۇلڭ گۆش- لىرىنىڭ ئاستا ـ ئاستا بوشىشىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

— تام تاغا! مېنى شەيتان ئازدۇرۇپتۇ. مەن دۇ-

ئا ـ تىلاۋەت قىلالمايمەن! ئەگەر مەن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلالىغان بولسام ياخشى بولاتتى. بالام سېتىۋېتىلگەندىن كېيىن، مەن زادىلا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالدىم. سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزنىڭ مۇتلەق توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. ئەمما، ھەر قېتىم دۇئا ـ تىلاۋەت قىلماقچى بولسام، قەلبىمدە بىردىنلا ئۆچمەنلىك ۋە لەنەت ـ نەپرەت قوزغىلىدۇ، شۇڭا مەن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلالمايمەن.

— ھەي، بىچارە ئىنسان! — دېدى تام ھېسداشلىق بىلەن، —شەيتان سىزنى ئۆز ئىلكىگە ئالماقچى بوپتۇ، ئۇ خۇددى غەلۋىردە بۇغداي تاسقىغاندەك سىزنى تاللاپتۇ. مەن سىزنىڭ ھەققىڭىزدە تەڭرىگە ئىبادەت قىلاي! كەيسى خانىم، شەپقەتلىك ئىسا خرىستوستىن ياردەم تىلەڭ! ئۇ پارە بولغان قەلبىمىز ۋە بارلىق ئازابلانغۇچىلار قەلبىگە ئەلڭ زور تەسەللىدۇر.

كەيسى ئۈندىمەي تۇراتتى، ئۇنىڭ يەرگە قاراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن مۆلدۈردەك ياش تۆكۈلمەكتە ئىدى.

— كەيسى خانىم، — دېدى تام بىردەم سۈكۈت قىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئىككىلەنگەن ھالدا، — ئەگەر سىز بۇ يەردىن قېچىپ كېتەلىسىڭىز، ئەگەر مۇشۇنداق ئىمكانىيەت بولسا، مەن سىزنى ئېمىلىن بىلەن بىللە قېچىپ كېتىشكە نەسىھەت قىلىمەن. مېنىڭ دېمەكچى

بولغىنىم سىلەر ئادەم ئۆلتۈرمەي قېچىپ كېتىڭلار، ئادەم ئۆلتۈرسەڭلار بولمايدۇ!

— تام تاغا، بىز بىلەن بىللە قېچىپ كېتىشنى خالامسىز؟

— ياق! ئىلگىرى خالايتتىم. ئەمما، تەگرى مېنى ئاشۇ بىچارە بەندىلەر بىللە ھەمنەپەس بولۇپ، كرېستىنى ئاخىرقى نەپەسىمگىچە يۈدۈپ مېڭىشقا بۇيرۇدى. ئەمما، سىلەر ئوخشىمايسىلەر، بۇ يەر سىلەر ئۈچۈن بىر قەپەس، سىلەر بەرداشلىق بېرەلمەيسىلەر. ئەگەر مۇمكىنچىلىك بولىدىغان بولسىلا سىلەر ئەڭ ياخشىسى كېتىڭلار!

— بىزگە ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق ئىكەن، — دېدى كەيسى، — مەيلى ھايۋانلار بولسۇن ياكى قۇشلار بولسۇن ئۆزلىرىگە بىر پاناھ جاي تاپالايدۇ، يىلان ۋە تاغ تېشەرنىڭمۇ كىرىۋالىدىغان تۆشۈكى بولىدۇ، پەقەت بىزگىلا ئۆزىمىزنى سىغدۇرغىدەك جاي يوق. بىز ھەتتا ئەڭ قاراڭغۇ سازلىقلارغا كىرىۋالساقمۇ ئۇلارنىڭ تايغانلىرى بىزنى ئىزدەپ تېپىۋالىدۇ. ھەربىر ئادەم ۋە نەرسىمۇ بىزنى تەس كۆنگە قويۇۋاتىدۇ، ھەتتا ھايۋانلارمۇ بىزگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇۋاتىدۇ، بىز نەگە قېچىپ كېتەلەيمىز؟

تام ئۈندىمەي تۇراتتى، ئاخىرى ئۇ يەنە:

— ئۇ شىرنىڭ ئۇۋىسىدىن دانىيلنى قۇتقۇزغان، ئوت ئىچىدىن ئۈزىنىڭ ئۈمەتلىرىنى قۇتقۇزغان، ئۇ دېڭىز ئۈستىدە ماڭسا شامال توختايدۇ. ئۇ يەنىلا هايات، ئۇنىڭ كېلىپ سىلەرنى قۇتقۇزۇۋالىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. سىناپ كۆرۈڭلار! ئۇرۇنۇپ بېقىڭلار! مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سىلەرگە دۇئا قىلىمەن.

خۇددى كىشىلەرنىڭ ئايىغىدا تېپىلىپ يۈرگەن كېرەكسىز تاشتەك بىر ھەپتىدىن بۇيان ئېتىبارسىز قالغان بىر ئوي گوياكى تۆيۇقسىز بايقالغان، ئاجايىپ نۇر چېچىۋاتقان گۆھەر تاشتەك دىققەتنى تارتتى. بۇ نېمىدېگەن ئاجايىپ تەپەككۇر ـ ھە!

كەيسى قېچىپ كېتىش ئۈچۈن ھەرخىل ئېھتىماللىقلارنى ئويلاپ باقتى، ئۇ بىر ئويلاپ كەتسە بىر-قانچە سائەت خىيالدىن باش كۆتۈرەلمەيتتى. ئەمما، ھەممىسىلا ئۈمىد ناھايىتى ئاز ۋە مۇمكىنچىلىك بولمىغان چارىلەر بولغاچقا بۇلاردىن ۋاز كەچتى. بۇ چاغدا، ئۇنىڭ كاللىسىغا تۇيۇقسىز بىر پىلان كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئادىي ھەم ئەمەلىي ئىدى، بۇ ئۇنىڭدا دەرھال ئۈمىد تۇغدۇردى.

— تام تاغا! مەن بۇ چارىنى چوقۇم سىناپ كۆرىمەن! — دېدى ئۇ تۇيۇقسىز.

— ئامىن! تەڭرى سىزگە مەدەت بەرسۇن! — دېدى

تام.

لىگلىېرنىڭ ئۆيىنىڭ بالىخانىسى كۆپچىلىك ئۆي-لەرنىڭ بالىخانىسىغا ئوخشاش ئادەم تۇرمايدىغان تاشلان-دۇق جاي ئىدى. ئۇ يەر توپا-چاڭ، ئۆمۈچۈك تورى ۋە تاشلاندۇق ياغاچلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. بۇ با-لىخانىنىڭ بىر كىچىك دېرىزىسى بولۇپ، بۇ قاراڭغۇ، توپا بېسىپ كەتكەن دېرىزە روجەكلىرىدىن كىرگەن ئا-جىز، ئۆزگىرىشچان نۇر ئاجايىپ شانلىق كۆنلەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئېگىز يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق ۋە توپا-چاڭ بېسىپ كەتكەن ئۇستەلنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئىشقىلىپ، بۇ سىرلىق، غەلىتە، كىشىنى شۈركۈندۈ-رىدىغان جاي ئىدى. ئەمەلىيەتتە، خۇراپاتلىققا ئىشىنى-دىغان نېگىرلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن نۇرغۇن گەپ-سۆزلەر ئۇنىڭ ۋەھىمىلىك تۇسىنى تېخىمۇ ئا-شۇرۇۋەتكەن ئىدى. بىرقانچە يىل ئىلگىرى، بىر ئايال نېگىر قۇل لىگلىېرنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغاچقا، لىگلىېر ئۇنى بۇ بالىخانىغا بىرنەچچە ھەپتە سولاپ قويغان. كېيىن، بۇ بەختسىز ئايالنىڭ جەسىتى بالى-خانىدىن ئېلىپ چۈشۈرۈلۈپ دەپنە قىلىنغان. ئەمما، شۇنىڭدىن كېيىن، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ كونا با-لىخانىدىن تىللاپ، قاغىغان ئاۋازلار، قاتتىق تاراق-تۇ-رۇق قىلغان ئاۋازلار، ھەسرەتلىك ناخشا ئاۋازى ۋە نالە-

پەرياد ئاۋازلىرى ئاڭلىنىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ھېچكىم بۇ بالىخانىغا چىقىدىغان پەلەمپەيگە قەدەم بېسىشقا جۈرئەت قىلالمىغان، ھەتتا بۇ بالىخانىغا چىقىدىغان كارىدور تەرەپكە قەدەم بېسىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان. كەيسى بۇ ئىشنى بىردىنلا ئېسىگە ئېلىپ، لېگلېرنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك خۇراپاتلىق پسىخىكىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ بىتەلەي دوستىنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈش مەقسىتىگە يېتىشنى ئويلىغانىدى.

كەيسى بىر ئەپچىل چارە بىلەن لېگلېرنى قورقۇتۇپ، ئۇنى شىرنىڭ ئاغزىغا بېشىنى تىقىشقا رازىكى، بالىخانىغا چىقىپ قاراپ بېقىشنى خالىمايدىغان قىلىپ قويغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، تۈن كېچىلەردە باشقىلار قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندە، كەيسى بىر قىسىم لازىمەتلىكلەرنى بالىخانىغا توشىدى. بۇ نەرسىلەر بىر مەزگىللىك تۇرمۇشقا يېتەتتى. ئۇ يەنە ئۆزى ۋە ئېمىلىنىڭ كۆپلىگەن كىيىملىرىنى بالىخانىغا ئېلىپ چىقىپ قويدى. ھەممە ئىشلار تەق بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆز پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتتى.

كەيسى يەنە لېگلېر ناھايىتى خۇشال بولغان پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆزىنى يېقىن ئەتراپتىكى شەھەرگە، يەنى قورۇقتىن كۆپ يىراق بولمىغان، رېد دەرياسى بويىدىكى كىچىك شەھەرگە ئاپىرىپ كېلىشكە

قىزىقتۇردى، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، كۈچلۈك ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىغا تايىنىپ، يول بويىدىكى ھەر- بىر دوقمۇش ۋە بۇ يولغا كېتىدىغان ۋاقىتنى بىرمۇ بىر ئېسىدە تۇتۇۋالدى.

ھەرىكەت باشلاشنىڭ پەيتى ئاخىرى پىشىپ يې- تىلدى.

بۇ گۈگۈم پەيتى بولۇپ، لېگلېر ئۆيدە يوق، ئۇ ئات مىنىپ قوشنا قورۇققا كەتكەنىدى. كەيسى ۋە ئېمىلىن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئارقىدىكى ئۆيدە ئالدىراش- چىلىق ئىچىدە نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۇنى ئىككى بولاق قىلىپ تاڭدى.

— بولدى، بۇ بولاقلار خېلىلا چوڭ بولۇپ كەت- تى، — دېدى كەيسى، — قالپاقنى كىيىپ ماڭايلى، ھازىر دەل ياخشى پەيت!

— بۇ چاغدا كىشىلەر بىزنى كۆرۈپ قالىدۇ، — دې- دى ئېمىلىن.

— مەن ئۇلارنى كۆرۈپ قالسۇن دېيمەن، — دېدى كەيسى سوغۇق قانلىق بىلەن، — بۇ ئىشىمىزنى مەن مۇنداق ئورۇنلاشتۇردۇم: بىز بىردەمدىن كېيىن غىپپىدە- دىلا ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ كەنتنىڭ يېنى بىلەن قېچىپ ماڭىمىز، سامبو ۋە كومپېر بىزنى چوقۇم كۆرۈپ قالىدۇ. ئۇلار قوغلاپ كەلسە، بىز سازلىققا قاراپ

قاچىمىز. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئارقىمىزدىن قوغلىيالماي، خەۋەر يەتكۈزگىلى، ئوۋ ئىتلىرىنى قويۇپ بەرگىلى قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلار ئالدىراشچىلىق ئىچىدە دەلدەڭ-شىشىپ قالايمىقان يۈگۈرۈشۈۋاتقان چاغدا، مۇنداق چاغدا ئۇلار ھەمىشە شۇنداق بولۇپ قالىدۇ، بىز دەرھال غىپ-پىدە ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى ئۆستەڭ بويىغا كېلىۋېلىپ، سۇدىن ئۆتۈپ ئارقا ئىشىككە كېلىۋالىمىز. بۇنىڭ بى-لەن تايغانلار بىزنىڭ پۇرىقىمىزنى يوقىتىپ قويىدۇ، چۈنكى ئىقىن سۇدا پۇراق تۇرمايدۇ. ئۆيدىكى ھەممە ئادەم بىزنى قوغلاشقا چىقىپ كېتىدۇ، بۇ چاغدا بىز ئارقا ئىشىكتىن كىرىپ بالىخانىغا چىقىۋالىمىز. مەن ئۇ يەردىكى ساندۇقتا يوتقان-كۆرپە ئېلىپ چىقىپ قويىدۇم. بىز بالىخانىدا خېلى ئۇزۇنغىچە تۇرالايمىز. شۇنداق دې-يەلەيمەنكى، لېكلېر بارلىق ئامالىلار بىلەن بىزنى قوغ-لايدۇ. ئۇ چوقۇم قوشنا قورۇقتىكى نازارەتچىلەرنى يى-غىپ، كەڭ كۆلەمدە ئاقتۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار چوقۇم سازلىقنىڭ ھەممە يېرىنى قويماي ئاقتۇرۇپ چىقىدۇ. ئۇ ھەمىشە ئۆزىنىڭ قورۇقىدىن بىرمۇ قول قېچىپ كېتەلمىگەن دەپ ماختىناتتى. قېنى، ئۇ ئاختۇ-رۇۋەرسۇن!

— كەيسى، بۇ پىلانىڭىز بەك ياخشى بوپتۇ، سىزدىن باشقا كىممۇ مۇشۇنداق پىلاننى تۈزۈپ چىقالايتتى، — دېدى

ئېمىلىن.

كەيسى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆزلىرىدە خۇ-شاللىق، مەمنۇنلۇق ئىپادىسى كۆرۈنمىدى، پەقەت ھەم-مىنى بىراقلا دوغا تىكمىشتەك قەتئىي ئىپادىلا ئەكس ئەتتى.

— ماڭايلى! — كەيسى ئېمىلىنگە قولىنى ئۇزاتتى.

ئىككى قاچقۇن شەپە چىقارماي غىپپىدىلا ئۆيدىن چىقىپ، ئاستا-ئاستا قاراڭغۇلىشىۋاتقان تۈن قوينىدا قۇللار تۇرۇۋاتقان جاينىڭ يېنىدىن تېز قەدەملەر بىلەن ئۆتتى. يورۇق ئاي خۇددى كۈمۈش تەخسىدەك كۆكتە چىقمىش ئاسمىنىدا ئېسىلىپ تۇرغاچقا، كېچە بەك قاراڭغۇ ئەمەس ئىدى. خۇددى كەيسى پەرەز قىلغاندەكلا ئۇلار قورۇقنى ئوراپ تۇرغان سازلىق يېنىغا كەلگەندە ئارقى-دىن بىرسىنىڭ توختا دەپ ۋارقىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئەمما، ئۇلارغا ۋارقىرىغان سامبو ئەمەس لېگلېر ئىدى، ئۇ ۋارقىراپ تىللىغاچ قوغلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاۋا-زىنى ئاڭلاپ، يۈرەكسىز ئېمىلىن قورققىنىدىن قەدەم-لىرىنىمۇ ئالالماي قالدى. ئۇ كەيسىنىڭ بىلىكىگە ئې-سىلىپ: كەيسى، مەن ئايلىنىپ كېتەي دەپ قال-دىم! — دېدى.

— ئەگەر يەنە شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن! — كەيسى پارقىراپ تۇرغان پىچاقنى

چىقىرىپ قىزغا قارىتىپ پۇلاڭلاتتى.

ئۇنىڭ بۇ چارىسى دەرھال ئۆز ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى، ئىمىلىن ئايلىنىپ يىقىلىپ قالمىدى، بەلكى كەيىسى بىلەن بىللە سازلىقتىكى ناھايىتى ئەسكى بىر جايغا قاراپ قاچتى، ئۇ يەردىكى پاتقاق چوڭقۇر ھەم قارا بولۇپ، باشقا ئادەمنىڭ ياردىمىسىز لېگلېر ھەرگىز ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ پاتقاققا كىرەلمەيتتى.

— توختاپ تۇرۇش! — دېدى ئۇ ۋەھشىيلەرچە كۈلۈپ، — ئىشقىلىپ، سەنلەر ئۆزلىرىڭ تورغا چۈشتۈڭ! ھۇ جالاپلار! ئەمدى قېچىپ كېتىشەلمەيسەن؛ ئادەم بولغىنىڭغا تويىسەن!

— كېلىڭلار! سامپو، كومپېر! ھەممىڭلار كېلىڭلار! — لېگلېر قورۇققا قايتىپ كېلىپ ۋارقىرىدى، بۇ چاغدا قۇللار ئېتىزدىن ئەمدىلا كەلگەن ئىدى، — ئىككى ئادەم سازلىققا قېچىپ كىرىپ كەتتى. قېنى، كىم ئۇلارنى تۇتۇۋالسا بەش دوللار ئىنئام بېرىمەن. تايغانلارنى قويۇۋېتىڭلار! «يولۋاس»، «تەلۋە» ۋە باشقا بارلىق تايغانلارنىڭ ھەممىسىنى قويۇۋېتىڭلار!

بۇ خەۋەر زور زىلزىلە قوزغىدى. نۇرغۇن ئەرلەر ئارقا-ئارقىدىن يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ خىزمەت كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى، بۇ كىشىلەر ئىنئام ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ قۇللۇق، تىز پۈكۈپ بويسۇنۇش

تەبىئەتتىدىن شۇنداق قىلىۋاتاتتى، بۇ قۇللۇق تۈزۈم پەيدا قىلغان پاجىئەلىك ئاقىۋەت ئىدى. ئۇلار ھەممىسى ئالدىراپ تەرەپ ـ تەرەپكە مېڭىشتى: بەزىلىرى مەشئەل ئالغىلى ماڭدى، بەزىلىرى تايغانلارنى قويۇۋېتىشكە ماڭدى. تايغانلارنىڭ بوغۇق ئاۋازدا ۋەھشىيلەرچە قاۋاشلىرى بۇ قالايمىقان سورۇنغا خېلىلا ھەيۋە تۈسى بەرگەندى.

ئۇ كىشىلەر قوللىرىدا مەشئەل كۆتۈرۈپ، سازلىققا قاراپ يۈگۈرۈشمەكتە، ئادەملەرنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭلىرى، تايغانلارنىڭ قاۋاشلىرى ھەممە يەرنى بىر ئالغانىدى. ئۆيدىكى چاكارلار ھەممىسى ئۇۋىسىدىن قومۇرۇلۇپلا چىققان بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. شۇڭا، كەيسى بىلەن ئېمىلىن ئارقا ئىشىكتىن غىپپىدىلا كىرگەندە، ھويلىدا ۋە ئۆيدە ھېچكىم يوق ئىدى. كېچە ئاسمىنىدا ئاشۇ قاچقۇنلارنى قوغلاۋاتقانلارنىڭ قىيا ـ چىيالىرى ياڭرايتتى.

بالىخانىغا چىقىپلا ئېمىلىن يوغان ساندۇقنى — ئىلگىرى ئۆي جاھازلىرى قاچىلىنىپ توشۇلغان چوڭ ساندۇقنىڭ يانچە قويۇپ قويۇلغانلىقىنى كۆردى. ساندۇق ئاغزى تام تەرەپكە قارىتىپ قويۇلغانىدى. كەيسى بىر كىچىك جىنچىراغنى ياندۇردى، ئىككى ساندۇق ئىچىگە كىرىپ جايلاشتى. ساندۇق ئىچىگە

ئىككى كىشىلىك ئورۇن سېلىنغان، ياستۇق قويۇلغان، يېنىدىكى بىر ساندۇقتا نۇرغۇن شام، يېمەكلىك، ۋە يولدا كېرەكلىككىيىملەر سېلىنغان، كەيسى كىيىملەرنى ئىككى بولاق قىلىپ تېڭىپ قويغانىدى.

— قارالڭ! — دېدى كەيسى جىنچىراغنى بىر ئىلغۇچقا ئىلىپ قويۇپ، بۇ مەخسۇس چىراغ ئېسىش ئۈچۈن ساندۇقتا ئورنىتىلغان ئىلغۇچ ئىدى، — مانا بۇ هازىرچە بىزنىڭ ئۆيىمىز، قانداق ئىكەن؟

— سىز ئۇلار بۇ بالىخانىغا چىقىپ ئاختۇرمايدۇ دەپ ھۆددە قىلالامسىز؟

— مېنىڭ لېگلېرنىڭ شۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان ـ قىلالمايدىغانلىقىنى بىر كۆرۈپ باققۇم بار؟! — دېدى كەيسى، ئۇ ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايدۇ، ئۇ بۇ يەرگە ھەرگىز چىقمايدۇ، ئۇ بۇ يەردىن يىراق قاچىدۇ. چاكارلار تۆۋەندە ئوق يېيىشكە رازىكى، بۇ يەرگە چىقىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئېمىلىن خېلى خاتىرجەم بولۇپ، قالدى ـ دە، بېشىنى ياستۇققا قويدى.

يېرىم كېچە بولغاندا پۈتكۈل قورۇ ئاخىر جىمىقتى، لېگلېر ئۆزىنى تەلىيىم كاج ئىكەن دەپ ئەيىبلىگەچ، ئەتە چوقۇم ئىنتىقام ئېلىشقا قەسەم ئىچتى، ئاندىن

كارىۋانتقا چىقىپ ئۇخلاپ قالدى.

كېيىن بىر ئىمىلىنىڭ قېچىپ كېتىشى بىلەن ئەسلىدە مىجەزى ناھايىتى ئوسال بولغان لېگلېرنىڭ غەزىپى چېكىگە يەتتى.

لېگلېر بۇ ئاچچىقىنى يەككە ـ يىگانە، يۆلەنچۈكسىز قالغان تامدىن ئالدى. لېگلېر جىددىيچىلىك ئىچىدە بۇ خەۋەرنى قۇللارغا يەتكۈزگەن چاغدا، تامنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا پاللىدە چاقناپ، ئىككى قولىنى كۆتۈردى، بۇلار لېگلېرنىڭ كۆزىدىن چەتتە قالمىغاندى. لېگلېر يەنە تامنىڭ قاچقۇنلارنى قوغلاپ تۇتۇشقا بارمىغانلىقىغا دىققەت قىلدى. لېگلېر ئەسلىدە تامنى بېرىشقا مەجبۇرلىماقچى ئىدى، ئەمما، ئۇ يەنە ئىلگىرىكى ساۋاقلارنى ئېسىگە ئالدى: ئەگەر ئۇنىڭغا يەنە ئاشۇ رەھىمسىز ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇق قىلسا، ئۇ يەنە جاھىللىق بىلەن رەت قىلاتتى. شۇڭا، لېگلېر ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ بۇنداق ئالدىراشلىق ئىچىدە تام بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشنى خالىمىدى. شۇڭا، تام بارماي قېپقالدى ۋە ئۇنىڭدىن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشنى ئۆگەنگەن نېگىرلار بىلەن بىللە قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ھالدا خەتەردىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدى.

لىگلىر ھېچنىمىگە ئېرىشەلمەي قايتىپ كەلدى ۋە ئۈمىدسىزلىنىپ ناھايىتى روھى چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە يىغىلىپ قالغان تامغا بولغان ئۆچمەنلىك زادى سەۋر ـ تاقەت قىلالمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. لىگلىر تامنى سىتىۋالغاندىن تارتىپ تام ئۇنىڭ بىلەن باشتىن ـ ئاخىر، ئىزچىل ھالدا قاتتىق قارشىلىشىپ كەلدى. تام گەرچە كۆن بويى ئۇندىمەي يۈرسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل جاسارەت بار ئىدى. ئۇنىڭ بۇ جاسارىتى گوياكى دوزاخ ئوتىدەك لىگلىرنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئازابلايتتى.

— مەن ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىمەن! ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىمەن! — دېدى لىگلىر ھېلىقى كۈنى كارىۋىتىدا يېتىپ، — ئۇ مېنىڭ قۇلۇم ئەمەسمىكەن؟ مەن ئۇزۇمنىڭ خالىغىنىمچە ئۇنى جازالىيالمامدىمەن؟ ماڭا تەڭ كېلەلەيدىغان، ماڭا توسقۇنلۇق قىلالايدىغان ئادەم تېخى يوق! — لىگلىر مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ، خۇددى قولىدىكى بىرنەرسىنى ئېزىپ تالقان قىلىۋەتمەكچى بولغاندەك كۈچ بىلەن بىرقانچە قېتىم سىلكىدى.

ئىككىنچى كۈنى، ھەتتا قوشنا قورۇقتىن ئادەم تەكلىپ قىلىنىپ، تېخىمۇ چوڭ كۆلەملىك ئاختۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى، ئەمما، ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى. لىگلىر ھالسىرىغان، قاتتىق روھى چۈشكەن ھالدا

ئاتتىن چۈشتى.

— كومپىر! — دەپ ۋارقىرىدى لېگلېر ئۆزىنى مېھمانخانىدىكى سافاغا تاشلاپ سوزۇلۇپ يېتىپ، — ھا. زىر بىرىپ تامنى تېپىپ كەل، ھازىرلا! بۇ چوقۇم ئاشۇ قېرى ئەبلەخنىڭ قىلغان ئىشى، مەن چوقۇم ئۇنىڭغا ئېيتقۇزىمەن، ئەگەر ئېيتمىسا ئۇنىڭ تېرىسىنى سويىۋالىمەن!

سامبو ۋە كومپىر ئىككىيلەن گەرچە - بىر - بىرىگە ئۆچمەنلىك قىلىشسىمۇ، ئەمما، تامغا بولغان مۇئامىلىدە بىردەك، تامغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىدى. لېگلېر ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا ئۆزىنىڭ تامنى سېتىۋېلىشتىكى مەقسىتى ئۆزى قورۇقتا بولمىغاندا ئۇنى غوجىدار قىلىش ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى تامغا ئۆچ بولۇپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككىيلەن خوجايىنغا نومۇسسىزلارچە خۇشامەت قىلىدىغان، يەتتە ئېگىلىپ، توققۇز تەزىم قىلىدىغان غالچىلار بولغاچقا، خوجايىنىنىڭ تامغا بارغانسېرى ئۆچ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارمۇ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئۆچمەنلىك قىلىشقا باشلىغان ئىدى. شۇڭا، كومپىر بۇيرۇقنى ئاڭلاپلا تېخىمۇ غەيرەتلىنىپ ئۇنى ئىجرا قىلىشقا ماڭدى.

تام ئۇلارنىڭ ئۆزىنى چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىغاندىلا



كاللىسىدا تەييارلىقى بار ئىدى. چۈنكى، قاچقۇنلارنىڭ پىلانىدىن ئۇنىڭ خەۋىرى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ھازىرقى يوشۇرۇنۇۋالغان يېرىنىمۇ بىلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىر ئۆزى ئالدىغا بارىدىغان كىشىنىڭ رەھىمسىز، ياۋۇز، ئۆكتەم، زومىگەر ئەبلەخ ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ تەڭرىگە بولغان ئېتىقادى ئىنتايىن قەتئىي ئىدى، ئۆزى ئۆلۈشكە رازى ئىدىكى، ھەرگىز ئىككى بىتەلەي ئايالغا ساتقۇنلۇق قىلمايتتى.

ئۇ سېۋەتنى قىرنىڭ يېنىغا قويۇپ قويۇپ، كۆككە قاراپ دۇئا قىلدى.

— ئىھ، تەڭرىم! روھىمنى ساڭا تاپشۇردۇم! سەن مېنى قۇتقۇزدۇڭ! ئىھ، تەڭرىم! مېنىڭ نىجاتكارىم! — ئاندىن ئۇ كومپېرنىڭ قوپاللىق، ۋەھشىيلىك بىلەن سىلكىشلەپ تارتىشلىرىغا ئۇندىمەي بويسۇندى.

— ھە! — دېدى بۇ بويى ئېگىز، بەستلىك ئەبلەخ، — بۈگۈن ساڭا ياخشى ئىش بار! بېگىمنىڭ ئاچچىقى بۈگۈن بەك يامان! بۈگۈن ئەمدى قاچالمايسەن! قېنى ئۇ سېنى نېمە قىلىۋېتەركىن!

بۇ قورقۇنچلۇق گەپلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا زادىلا كىرمەيتتى، ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە تېخىمۇ جاراڭلىق بىر ئاۋاز ياڭرايتتى: «ئۇلار سېنى ئۆلتۈرگەندىن باشقا ھېچنېمە قىلالمايدۇ، ئۇلاردىن قورقما!» بۇ سادانى ئاڭلىغاندىن

كېيىن، بۇ بىچارە ئادەمنىڭ تېنىنى گويا خۇدا سىلاپ ئۆتكەندەك، پۈتۈن نېرۋىلىرى، سۆڭەكلىرى ۋە ۋۇجۇدى ھاياجاندىن تىترەپ سىلكىنىپ كەتتى، ئۆزىنى ھېچكىم تەڭ كېلەلمىگۇدەك كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە بولغاندەك ھېس قىلدى.

ئۇ كېتىۋاتقاندا، دەرەخلەر، چاتقاللار، قوللارنىڭ كەپىلىرى، ئۆزىنىڭ كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىنى خورلۇقتا ئۇچراتقان پۈتۈن كۆرۈنۈشلەر خۇددى چىپىپ كېتىۋاتقان ھارۋىنىڭ ئىككى يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن كۆرۈنۈشلەردەك، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن تېز ئۆتتى. ئۇنىڭ روھى تەۋرەندى: ئۇنىڭ جەننەتتىكى ئۆيى كۆرۈنۈشكە باشلىغان، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئازابتىن قۇتۇلىدىغان پەيتى كەلگەنىدى.

— ھىم، تام! — دېدى لېگلېر زەھەرخەندىلىك بىلەن تامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ياقىسىدىن بوغۇپ تۇرۇپ. غەزەپلەنگەنلىكىدىن ئۇنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ، كاسىلداپ كەتكەنىدى، — بىلەمسەن، مەن ھازىر سېنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلدىم!

— بۇ ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن، بىگىم! — دېدى تام خاتىرجەم ھالدا.

— ھەقىقەتەن ... شۇنداق تام! — دېدى لېگلېر رەھىمسىز، قورقۇنچلۇق بىر تەلەپپۇزدا، — ھېلىقى ئىككى ئايالنىڭ نەدىلىكىنى ئېيتىپ بەرمىسەڭ ھايات

قالىمەن دېمە!

تام ئۈندىمەي تۇراتتى.

— ئاڭلىدىڭمۇ - يوق، ئېيتە! — لېگلېر خۇددى غەزەپلەنگەن شىردەك ھۆركىرەپ تېپىچەكلەيتتى.

— ئېيتىدىغان گېپىم يوق، بېگىم، — دېدى تام ئاستا، ئەمما قەتئىي تەلەپپۇزدا، بىمالال قىياپەتتە.

— ھۇ قېرى زەڭگى خرىستىئان، سەن تېخى بىلمەيمەن دېيىشكە پېتىنىۋاتامسەن؟!

تام يەنىلا ئۈندىمەي تۇراتتى.

— سۆزلە! — دېدى لېگلېر غەزەپ بىلەن ھۆركىرەپ. ئۇ ياۋۇزلۇق بىلەن تامغا بىر مۇشت سالدى، — بىلەمسەن - بىلمەمسەن؟!

— بىلىمەن، بېگىم. ئەمما، بۇنى ئېيتالمايمەن، مەن ئۆلۈشكە رازىمەن، بېگىم!

لېگلېر چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى. ئۇ غەزىپىنى بېسىۋېلىپ، تامنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى، ئۇ بېشىنى تامنىڭ يۈزىگە يېقىن ئەكېلىپ، ھۆركىرەپ تۇرۇپ:

— ئاڭلا، تام! مەن ئىلگىرى سېنى كەچۈرۈم قىلغان، ئەمما، بۇ قېتىم مېنىڭ دېگەن گەپلىرىمنى راست ئەمەسمىكىن دەپ قالما! ئاڭلا، بۇ نۆۋەت قەتئىي نىيەتكە كەلدىم، قاتتىق زىيان تارتساممۇ پەرۋا قىلمايمەن! سەن ھەمىشە مەن بىلەن قارشىلىشىپ كەلدىڭ، بۇ قېتىم

سېنى چوقۇم بويسۇندۇرىمەن! بويسۇندۇرالمىسام ئۆلتۈ-
رۈپ تاشلايمەن. ئۆزۈڭ ئىككىسىدىن بىرىنى تاللا! زادى
تومۇرۇڭدا قانچە تېمىم قان بارلىقىنى بىر كۆرۈپ با-
قاي! مەن ئۇنى تاكى سەن بويسۇنغانغا قەدەر بىر تې-
مىم- بىر تېمىمدىن ئاققۇزىمەن!

تام بېشىنى كۆتۈرۈپ خوجايىنىغا قارىدى، ئاندىن:

— بېگىم، ئەگەر سىلى ئاغرىپ قېلىپ، بىرەر ئاپەتكە مۇپتىلا بولۇپ ياكى ئاخىرقى نەپەسلىرى قېلىپ، مېنىڭ سىلىنى قۇتقۇزۇپ قالالىشىم مۇمكىن بولىدى-غان بولسا، مەن ھەربىر تامچە قېنىمنى سىلىگە تەقدىم قىلىشقا رازىمەن. ئەگەر مەن نامرات قېرىنىڭ ئاققان ھەربىر تامچە قېنى سىلىنىڭ ئاشۇ قىممەتلىك روھ-لىرىنى قۇتقۇزۇپ قالالايدىغان بولسا، خۇددى خۇدا بىز بەندىلەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قان ئاققۇزغانغا ئوخشاش مەنمۇ ھاياتىمنى سىلىگە تەقدىم قىلىشنى خالايمەن. بېگىم، سىلىنىڭ ئاشۇ روھلىرى ئۈچۈن مۇنداق چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزمىسىلە. بۇنىڭ سىلىگە كەلتۈرىدىغان زى-يىنى ماڭا كېلىدىغان زىياندىن بەكمۇ چوڭ بولىدۇ. سىلى مېنى ئەڭ قاتتىق ۋاستىلەر بىلەن جازالىسىلا، ماڭا كېلىدىغان ئازاب تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەگەر سىلى توۋا قىلمىسىلا، سىلىگە كېلىدىغان بالايىئاپەت مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ.

خۇددى تۈيۈقسىز ياغقان قاتتىق يامغۇر بىردىنلا

توختىمىغان قىسقا ئارىلىقتا، بىردىنلا ئاجايىپ مۇڭلۇق دىنىي مۇزىكا ئاڭلانغاندەك، بۇ يالقۇنلۇق ھېسسىياتقا تولغان سۆزلەردىن ئۆينىڭ ئىچى سۈكۈتكە چۆمۈپ، جىمجىت بولۇپ كەتتى. لېكىن تامغا قاراپ قېتىپ تۇرۇپلا قالغان، ئۆي ئىچى تىمتاس ئىدى، پەقەت كونا سائەتنىڭ چىكىلدىغان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى، ئۇ ئاشۇ رەھىمسىز، تاش يۈرەك قەلبىنى كۆزىتىدىغان ۋە ئۇنىڭغا كەچۈرمەك قىلىدىغان ئاخىرقى ۋاقىتنى ھېسابلىماقتا ئىدى.

ئەمما، بۇ پەقەت كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى ئىش ئىدى. لېكىن بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ، دەرھال بىر قارارغا كېلەلمىدى، بىردىنلا يەنە سەل ئۆزىنى تارتقاندەك بولدى. ئەمما، ئارقىدىنلا يەنە دەرھال ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىبلىسنىڭ روھى نەچچە ھەسسە غالجىرلاشتى، ئۇ قەھر - غەزەپ بىلەن ئالدىدىكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنى تۇرۇپ يەرگە يىقىتتى.

بۇ پاجىئەلىك، قانلىق كۆرۈنۈش كىشىنى شۈركەندۈرەتتى، چۆچۈتەتتى، بەزى ئادەملەر قىلىشقا جۈرئەت قىلغان ئىشنى بەزىلەر ھەتتا ئاڭلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. قېرىنداشلىرىمىز ۋە دىنداشلىرىمىز ئۇچراۋاتقان بەختسىزلىك ۋە كۈلپەتلەردىن كىشىنىڭ كۆڭلى ھەقىقەتەن

قاتتىق ئازابلىناتتى، قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆكەتتى، بۇنداق ئىشلارنى ھەتتا مەخپىي خانىلاردىمۇ ئېغىزدىن چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما، ئىھ ۋەتىنىم! بۇ ئىشلار سېنىڭ مۇقەددەس قانۇنىڭنىڭ ھىمايىسىدە يۈز بەرمەكتە. ھەي، قۇتقۇزغۇچ خۇدا! سېنىڭ ئۈممەتلىرىڭ بۇلارنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ئەمما، بۇنىڭغا سۈكۈت قىلماقتا.

ئەمما، ئىلگىرى بىر ئادەم ئۆزى تارتقان ئازاب ئارقىلىق ئىنسانلارنى ئازابلىغان، خورلىغان، ھاقارەت كەلتۈرگەن جازا قورالىنى شان ـ شەرەپ، پارلاق نۇر ۋە مەڭگۈلۈك ھاياتلىقنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندۇرغان. ئۇنىڭ روھى مەيلى خورلىنىپ قامچىلانغاندا بولسۇن، مەيلى قان ئاققۇزغان ياكى ھاقارەتلەنگەندە بولسۇن، خرىستىئان مۇرىتلىرىنىڭ كۈرىشىنى ئېخىمۇ زور شان ـ شەرەپكە ئېرىشتۈرگەن.

بۇ تاڭ ئاتماس ئۇزۇن كېچىدە، ئاشۇ باتۇر، قەلبى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تولغان نېگىر قۇل بىر كونا ئۆيدە ۋەھشىيلەرچە ئۇرۇپ چەيلەندى، ياۋۇزلارچە قامچىلاندى، ئەجەبا ئۇ يالغۇز ـ يېگانىمۇ؟

— ياق! ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىر ئادەم بار، بۇ ئادەم گويا «قۇتقۇزغۇچى» بولۇپ، پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىلا كۆرەلەيتتى.

قۇللىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ باقماقچى بولۇۋاتقان ئادەممۇ شۇ يەردە بار ئىدى، ئۇنىڭ ياۋۇز، ۋەھشىي نىـ يىتى ئۇنى ئەقلىدىن ئازدۇرغاچقا، ھەر ۋاقىت، ھەر مىـ نۇت تامنى ئۆزۈلۈك ئازاب چەكمەي دېسەڭ، ماڭا ئاشۇ ئىككى قاچقۇننىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئېيتىپ بەر دەپ مەجبۇرلىماقتا ئىدى. ئەمما، تامنىڭ باتۇر، سادىق قەلـ بىنىڭ نىجاتكارىغا بولغان ئىشەنچىسى گويا ئۇيۇلتاش ئىدى. خۇددى ئۆزىنىڭ قۇتقۇزغۇچ خۇداسىغا ئوخشاش، ئەگەر ئۇ ئۆزى باشقىلارنى قۇتقۇزسا، ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا ئامالسىز ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەتتى. شۇڭا، ئەڭ قاتتىق ئازابمۇ ئۇنى زادىلا ئىقرار قىلدۇرالمىدى. بۇ ئۇنى تەڭرىگە ئىبادەت قىلىشقا، ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئېتىقا- دىنى يادىدىن چىقارماسلىققا يەنىمۇ دەۋەت قىلاتتى.

— ئۇ بولالماي قالدى، بېگىم! — دېدى سامپو. ئۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ قەيسەر، ئېگىلمەس روھىدىن ئىختىيارسىز تەسىرلىنىپ قالغانىدى.

— ئۇرۇڭلار! تاكى ئۇ باش ئەگكۈچە ئۇرۇڭلار! قاتـ تىق ئۇرۇڭلار! — دەپ ھۆركىرىدى لېگلىر، — ئەگەر ئۇ ئىقرار قىلمايدىغان بولسا، ئۇنىڭ قېنى بىر تامچەـ بىر تامچىدىن ئېقىپ تۈگەيدۇ!

تام كۆزىنى ئېچىپ، خوجايىنىغا قارىدى:

— ھەي، بىچارە بەندە، مېنى ئەمدى ھېچنېمە

قىلالمايسەن! مەن گۇناھلىرىڭنى چىن دىلىمدىن ك
چۈردۈم!— تام ھوشىدىن كەتتى.

— ئۇ ئەمدى ئۆلدى، تۈگەشتى! — لېگلېر ئۇنى
يېنىغا كېلىپ قارىدى، — ھە توغرا، ئۇ ئۆلۈپتۇ! ھې
ئەمدى ئۇنىڭ ئاغزى يۇمۇلدى، بۇ نېمىلا بولمىسۇ
كىشىنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىدىغان ئىش!

توغرا! ھەي لېگلېر! ئەمما، سېنىڭ روھىڭنى
ئاغزىنى يۇمدۇرۇش كىمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ؟ سېنى
روھىڭنى ئەمدى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس! تو
قىلىش، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشمۇ ئەمدى روھىڭنى ھې
كىمىز قۇتۇلدۇرالمايدۇ! سېنىڭ روھىڭدىكى مەڭگۈ ئۆچ
مەس يالقۇن ھازىر لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتىمدۇ!

ئەمما، تام ئۆلمىدى. ئۇنىڭ كىشىنى ھەيران قال
دۇرىدىغان سۆزلىرى، تەقۋادارلىقى، ئىخلاسمەنلىكى
دۇئا ـ تىلاۋەتى يامانغا يانتاياق بولغان، ئۇنى قاتتىق ئۇ
رۇپ ـ قىيىنىغان، خورلىغان ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭ قا
دىلىنى تەسىرلەندۈردى. لېگلېر كېتىشى بىلەنلا ئۇلا
نادانلىق بىلەن تامنى قۇتقۇزۇشقا كىرىشتى، ئۇلارچ
مۇنداق قىلسا، ئۆزلىرىگە پايدىسى بولۇشى مۇمكىن
ئىدى.

— بۇنداق قىلغىنىمىز ھەقىقەتەن بەك ر
ھىمسىزلىك بولدى! — دېدى سامبو، — ئەمما، بۇنىا

سىنى بىز ئەمەس، ئاشۇ خوجايىنىمىز ئۆزى تارتقاي
لاھىم!

ئۇلار تامنىڭ يارىلىرىنى يۇيۇپ تازىلاپ، ئاددىي بىر
رۇن راسلاپ، ئۇستىگە ئەسكى پاختىلارنى سېلىپ ياتـ
ۇزۇپ قويدى. ئۇلاردىن بىرى ھەتتا ئاستا خوجايىنىنىڭ
ېنگە كىرىپ ئۆزىنىڭ ھېرىپ ـ چارچاپ كەتكەنلىكىـ
ى باھانە قىلىپ، بىر رومكا براندى ھارىقى سوراپ
مغا ئىچۈردى.

— ھەي تام، — دېدى كومپېر، — بىز ساڭا بەك
ۋۇزلۇق قىلدۇق!

— مەن سىلەرنى چىن دىلىمدىن كەچۈردۈم! — دېـ
ى تام تەستە.

— ھەي تام! بىزگە ئېيتىپ بەر! ئىسا خرىستوس
ىم؟ بۇگۈن ئاخشام باشتىن ـ ئاخىر سېنىڭ يېنىڭدا
ۇرۇپ، ساڭا مەدەت بەرگەن ئاشۇ مەدەتكار، ئىسا خرىسـ
وس زادى كىم؟

بۇ ئىسىم تامنىڭ تىنىقى ئاراڭلا قالغان، سەكرات
ىچىدىكى تېنىنىڭ روھىنى ئويغاتتى. ئۇ ئۇلۇغ زات
سا خرىستوسنىڭ كەچۈرمىشلىرى، ئۇنىڭ ئۇلۇشى،
ۇنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىن كەتمەيدىغان روھى ۋە ئۇنىڭ
نسانلارنى قۇتقۇزۇشتىكى ئاجايىپ قۇدرىتىنى سۆزلەپ
دى.

ئۇنىڭ يېنىدىكى ياۋايى، نادان ئىككى نېگىر تە-
سىرلىنىپ، ياشلىرىنى تۆكتى.

— بۇرۇن نېمىشقا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىمىغان
بولغىيتتىم؟ — دېدى سامپو، — ئەمما، مەن ئۇنىڭغا
ئىشىنىمەن! ئىشەنمەسلىككە ئامالىم يوق! ھەي، قۇت-
قۇزغۇچ ئىلاھ ئىسا خرىستوس، گۇناھىمىزنى كەچۈر!

— ھەي بىچارە ئىنسانلار! — دېدى تام، — سىلەرنى
قۇتقۇزغۇچ خۇداغا ئىشەندۈرەلىسەم، ھەرقانداق ئازاب-
ئوقۇبەتنى تارتىشقا رازىمەن! ھەي قۇتقۇزغۇچ خۇدا خ-
رىستوس! مەن سەندىن بۇ ئىككى روھنى ماڭا ھەدىيە
قىلىشىڭنى تىلەيمەن.

تامنىڭ تىلىكى ئىجابەت بولدى.

# ئەسلىي ئەسەر ئۇستىدە تەھلىل

«تام تاغىنىڭ كەپىسى» ئامېرىكا نېگىر قۇللىرىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەن، كىشىلەرنى رەزىل قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىشقا چاقىرىش مەزمۇن قىلىنغان، نېگىر قۇللارنىڭ قان- ياشلىرى بىلەن تولغان «ئۆلمەس ئەسەر».

بۇ روماندا بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق تام، جورجى هاررىس قاتارلىق ئىدىيىسى، خاراكتېرى ھەر خىل بولغان بىر تۈركۈم پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلغان، ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلىنىپ، قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ئىنسان تەبىئىتىنى يوقىتىشتەك رەزىل جىنايەتلىرى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىنغان، شۇنداقلا سىلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ۋە ئوقۇرمەنلەرگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىش ئۇسۇلىدىن تولۇق پايدىلىنىپ كىشىلەرنىڭ قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى ئىدىيىسى قوزغىتىلغان، يەنە نېگىر قۇللارغا رېئاللىققا توغرا قاراش، يورۇقلۇق ئىزدەش يولى كۆرسىتىپ بېرىلگەن،

بۇ ئەسەرنىڭ بۇ جەھەتتە ئەكس ئەتتۇرگەن ئىلغار ئەھمىيىتى ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۇچ نۇقتىدا كۆرۈلىدۇ: بىرىنچى، قۇللۇق تۈزۈمنىڭ ياۋۇزلۇقى ۋە ياۋايىلىقى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىنغان. ئىككىنچى، بىر تۈركۈم جانلىق، ھېسسىياتلىق، ئەقىل - پاراسەتلىك نېگىرلار ئوبرازى يارىتىلغان. ئۈچىنچى، ئىككى خىل كىشىلەرنىڭ تەقدىرگە بولغان ئوخشىمىغان پوزىتسىيىسى ۋە ئوخشىمىغان ئاقىۋىتى ئارقىلىق «قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر ئامان قالىدۇ، تىز پۈككەنلەر ھالاك بولىدۇ» دېگەن ھەقىقەت نامايان قىلىنغان.

بىرىنچى، «تام تاغىنىڭ كەپىسى» ناملىق ئەسەر ئوقۇرمەنلەر ئالدىدا 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى جەنۇبتىكى قۇللۇق تۈزۈمنىڭ ۋەھشىي، ياۋايى، مۇدھىش بىر ئىجتىمائىي كارتىنىسىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇچ مىليوندەك نېگىر قۇل ئۆزۈن مۇددەت مۇشۇنداق مۇھىت ئاستىدا ئىنسان قېلىپىدىن چىققان مۇئامىلىلەرگە ئۇچراپ، ھايۋاندىن بەتتەر تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. «قانۇن يۈرىكى سوقۇپ تۇرغان، كۈچلۈك ھېسسىياتقا ئىگە بارلىق نېگىرلارنى قۇلدارلارنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى دەپ قارىدى.» ئۇلار پۈتۈنلەي قۇلدارلار تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدىغان «سۆزلىيەلەيدىغان قورال» ئىدى، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىشتىكى بىردىنبىر مەقسىتى پەقەت ئۆ-

زىنىڭ ئەمگىكىنى سىپتىش — تىنماستىن ئىشلەش، تاكى ئاخىرقى بىر تامچە قىنى، ئاخىرقى بىر تامچە تەرى قالغۇچە تىنماستىن ئىشلەشتەكلا قىلاتتى، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىگىمۇ ئىگە بولالمايتتى. قۇلدارلار ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىدىكى بۇ «قورال» لارنى ئۆلتۈرۈش، بۇلاش - تالاش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. ئۇلار نېگىرلارنى خالىغانچە ئېلىپ - ساتاتتى، ئۆلتۈرەتتى، قۇلدارلار ئۆزلىرىنىڭ بېيىشىنىلا ئويلاپ، قۇللارنىڭ ئۆلۈپ - تىرىلىشى بىلەن زادى كارى بولمايتتى، قۇللارنىڭ تېنىدىكى ئاخىرقى بىر تامچە قاننى سۈمۈرۈپ بولغاندىلا ئاندىن توختايتتى. ئۇلارنىڭ بېيىشىغا پايدىلىق بولسىلا، قۇلدارلار قۇللارنىڭ بەختىلىك ئائىلىسىنى خالىغانچە ۋەيران قىلىۋېتەتتى، ھەتتا ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ھالدا ياش، گۈزەل ئايال قۇللارنى ئۆزىنىڭ ھايۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇش قورالىغا ئايلاندۇرۇۋالاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ «قورال» لىرىنىڭ ھەرقانداق ئاسىيلىق ھەرىكەتلەردە بولۇشىغا يول قويمايتتى، قۇللارنىڭ قۇلدارلارنىڭ زۇلۇمىغا چىدىماي ئۆزىنى قوغداش يولىدا كۆرسەتكەن ھەرقانداق شەكىلدىكى قارشىلىقى — ھەتتا ئۇ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى قارشىلىق بولسىمۇ — ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قاتتىق دۇمبالىنىشىغا، ھەتتا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىشىغا سەۋەب

بولاتتى.

«تام تاغنىڭ كەپسى» ناملىق ئەسەردە، بىرقانچە پېرسوناژ توغرىسىدىكى تەسۋىر ئارقىلىق پۈتكۈل جەمئىيەت ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەينى چاغدا جەنۇبىتىكى قۇلدارلىق تۈزۈمى شارائىتىدا قۇللارنى ئېكسپىدلاتاتسىيە قىلىپ ياشايدىغان زور بىر تۈركۈم قورۇق ئىگىلىرى، مەسىلەن، لېگلېر قاتارلىقلار؛ قۇللارنى ئېلىپ ـ ساتىدىغان قۇل سودىگەرلىرى، مەسىلەن، هاررى قاتارلىقلار؛ مەخسۇس قاچقان قۇللارنى تۇتۇپ بېرىپ، قۇلدارلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان غالچىلار، مەسىلەن، لوكېر قاتارلىقلار؛ قۇللارنىڭ ئەمگىكىنى نازارەت قىلىدىغان رەھىمسىز ئىش باشلىرى قاتارلىقلار بار ئىدى. قۇللار ئېھتىياجنى قاندۇرالمايۋاتقان شارائىتتا، ھەتتا مەخسۇس قۇللارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان مەيدانلار بارلىققا كەلگەنىدى، ئۇ يەردە كۆپلىگەن بوۋاقلار ھايۋان ئورنىدا بېقىلاتتى، تاۋار ئورنىدا قۇلدارلار ئارىسىدا خالىغانچە ئېلىپ ـ سېتىلاتتى. ئۇ يەردە ۋىجدان دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، ئائىلە خۇشاللىقى، قېرىنداشلىق مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. قۇللارنى «بېقىۋاتقان» ئاشۇ كىشىلەردە ئەڭ ئەقەللىي ئىنساني ھېسسىيات، ۋىجدانمۇ يوق ئىدى. بۇ كىشىلەردىن قۇللارنى ئېزىدىغان رەزىل ماشىنا تەشكىل قىلىنغان، بۇ مەيدانلار ۋە رەزىللىك

بىلەن تولغان قۇلدارلار قورۇقلىرى ئىگىرلارنىڭ قەب-
رىستانلىقىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ ماشىنىلار ۋە
مەيدانلار ئەينى چاغدىكى ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى قا-
نۇنىنىڭ ھىمايىسىدە ئوچۇق-ئاشكارا ئىش ئېلىپ بارات-
تى، تۆمەن مىڭلىغان قۇللارنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ھاياتى-
نى نابۇت قىلماقتا ئىدى.

روماندا يەنە شېلبى، سان كلارغا ئوخشاش بەزى
بىرقەدەر تەرەققىيپەرۋەر قۇلدارلارمۇ يېزىلغان. نىسبەتەن
ئېيتقاندا، ئۇلار ئادەتتە قۇللارغا خېلى ئاق كۆڭۈللۈك
بىلەن ئىنسانىي مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەمما، ئۇلار نېمىلا
دېگەنبىلەن نەچچە يۈز مىڭلىغان قۇلدارلار ئارىسىدا
ئىنتايىن ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلاتتى، ئۇلارنىڭ
پۈتكۈل جەمئىيەت بىلەن قارشىلاشقۇدەك كۈچى يوق
ئىدى، ئۇلارنىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىكى ئىگىر قۇللارنىڭ
ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلمەيتتى، ھەتتا ئۇلار
ۋەيران بولغاندا، قۇللار ئۇلارنىڭ بىردىنبىر مۈلكى بو-
لۇپ قالاتتى-دە، ئۇلار قۇللارنى سېتىش ئارقىلىق پۇلغا
ئىگە بولاتتى. بۇ چاغدا، قۇللارنىڭ تەقدىرى تېخىمۇ
ئېچىنىشلىق بولاتتى، ھەتتا ئۇلارنىڭ قارشىلىقى ئۇ-
لارنى ئاخىر ئۆلۈمگە ئېلىپ باراتتى. چۈنكى، ئەينى
چاغدا ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى تۆۋرۈك ئىگىلىك
بولغان قورۇق ئىگىلىكى كۆپلىگەن ئەرزان باھالىق

قۇللارنىڭ بۇ پەردە ئەمگەك قىلىشىنى تەلەپ قىلاتتى، قورقۇق ئىگىلىكى بىلەن تومۇرداش بولغان قۇللۇق تۈزۈم ئۇلارنىڭ قۇللارنى ئېزىشىنىڭ كاپالىتى ئىدى، قۇللۇق تۈزۈمدىن ئايرىلسا، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، خېلىلا تەرەققىيپەرۋەر بولغان ئاشۇ قۇلدارلارمۇ قۇللۇق تۈزۈم يارىتىپ بەرگەن پايدىنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا چوڭقۇر ئۇچرىغان بولۇپ، ئوخشاشلا بۇ جىنايى ماشىنىنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىدى، ئوخشىمايدىغىنى پەقەت ئۇلارنىڭ ۋاسىتىسى سەل مۇلايىمراق ئىدى، خالاس.

ئىككىنچى، «تام تاغىنىڭ كەپىسى» ناملىق ئەسەردە تۆنجى قېتىم جانلىق، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ھېسسىيات ـ مۇھەببەتكە ئىگە نېگىر قۇللارنىڭ ئوبرازى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يارىتىلغان، ئاشۇ دەۋردە كىشىلەرگە تۆنجى قېتىم نېگىر قۇللارنىڭ ھېسسىياتى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى، ئىدىيىسى ۋە ئەقىل ـ پاراستىنى نامايان قىلىپ بەرگەن، تۆنجى قېتىم نېگىر قۇللار ئىنسانلىق ئورنىغا قويۇلغان، تۆنجى قېتىم كىشىلەرنىڭ نېگىر قۇللارغا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقى قوزغىتىلغان.

روماندا تام، ھاررىس قاتارلىق بىر تۈركۈم نېگىر قۇللار ئوبرازى يارىتىلغان. بۇ ئوبرازلارنىڭ ئىجتىمائىي

ئەھمىيىتى ۋە بەدىئىي قىممىتى شۇ يەردىكى، ئەسەردە يېزىلغان نىگىر قۇللار ھەرگىز قۇلدارلار ۋە ئاق تەنلىك ئىرقچىلار ئېيتقاندەك كاللىسى ئاددىي، كالۋا، ئەخمەقلەر ئەمەس، «سۆزلىيەلەيدىغان قورال» مۇ ئەمەس. ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى تام تاغا، كرول هاما، جورجى هار- رىس، ئېلىزا كەيسى قاتارلىق پېرسوناژلار ھەرقايسىسى ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە، تەسىرلىك، ساددا، سەمىمىي ئوبرازلاردۇر. ئۇلارنى ئېزىلگۈچىلەر ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەپ بىلىدىغان بىر تۈركۈم ھېسسىياتسىز ئاق تەنلىك- لەردۇر. ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي شارائىتتا، ئاق تەن- لىكلەر بىلەن قارا تەنلىكلەرنىڭ ئورنىنىڭ باراۋەر ئى- كەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئوخشاش بىر مەنىدىكى كىشىلەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش ھەرگىز ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. ئەمما، ئاپتور شۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تىرىشقان، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى نىگىر قۇللارنىڭ ھەممىسى ھېسسىياتقا ناھايىتى باي كىشىلەر، ئۇلارنىڭ تەقدىرى گەرچە بەختسىز بولسىمۇ، ئەمما، ناھايىتى تە- سىرلىك. ئەسەردە تام تاغىنىڭ يولغا ئالدانمىغانلىقى ۋە جورجى ھاررىسنىڭ زاۋۇتتا كەشپىيات ياراتقانلىقىدەك ئەقىل - پاراسىتى تەسۋىرلەنگەن، بۇ نىگىرلارنىڭ ئەخ- لاق - پەزىلەت ۋە ئەقىل - پاراسەت سەۋىيىسىگە ۋەكىل- لىك قىلىدۇ، شۇنداقلا تام تاغا ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ

شۇم تەقدىرىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىدۇ، سۇغا چۇ-
شۈپ كەتكەن ئاق تەنلىككىمۇ ئۇخشاشلا ياردەم قولىنى
سۇنىدۇ، بۇلار تام تاغا ۋەكىللىكىدىكى زور بىر تۈركۈم
قۇللار ئارىسىدىكى ئۆزئارا ياردەملىشىش، شەخسىيەتسىز
بولۇشتەك ئالىيجاناب مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنى كۆر-
سىتىپ بېرىدۇ، بۇلار قۇلدارلار ئارىسىدىكى تېرىقچى-
لىق، مەنپەئەت ئۈچۈن ئادىمىيلىكىنى يوقىتىشقان
قىلمىشلار بىلەن ناھايىتى روشەن سېلىشتۇرما بولغان.
ئاپتور روماندا ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى ھەر ۋاقىت
مۇنداق ئاددىي بىر ئەمەلىيەتكە تارتىشقا تىرىشقان، يەنى
نېگىر قۇللارمۇ ئادەم، ئۇلارمۇ ھەرقايسى تەرەپلەردە ئاق
تەنلىكلەردىن زادىلا قېلىشمايدۇ، ھەتتا ئاق تەنلىكلەردىن
تېخىمۇ مۇكەممەل. نېگىرلار بىلەن ئاق تەنلىكلەرنى
تەڭسىز بولغان يۇقىرى ياكى تۆۋەن، ئەزىز ياكى پەس
دېگەندەك دەرىجىلەرگە ئايرىش، نېگىر قۇللارغا ھايۋان
قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش سۇنئىي ھالدا كەلتۈرۈپ چى-
قىرىلغان ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىك. ئاپتور يەنە تام ۋە
شېلبى بەگزادە ئارىسىدىكى چوڭقۇر دوستلۇق ئارقىلىق
كىشىلەر ئارىسىدا مەيلى ئۇ ئاق تەنلىك ياكى قارا تەن-
لىك بولسۇن — رەڭگى، ئىرقى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىدىن
ھالقىغان دوستلۇق ئورنىتىشقا بولىدىغانلىقىنى چۈ-
شەندۈرۈپ بەرگەن. ئەسەر ھەققانىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك

بولغان شىلبى بەگزادىسىنىڭ نۇرغۇن ئەگرى ـ توقايلىقلا-
رىدىن كېيىن تام تاغا بىلەن ئۇچراشقانلىقى بىلەن ئا-
خىرلاشتۇرۇلۇپ، ئاپتور تەشەببۇس قىلغان باراۋەرلىك
مۇناسىۋەت تەكىتلەنگەن.

ئۈچىنچى، «تام تاغىنىڭ كەپىسى» ناملىق ئەسەردە
تام تاغا ۋە ئېلىزادىن ئىبارەت ئىككى ئائىلە تەسۋىرلە-
نىپ، نېگىر قۇللار ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى قەدەممۇقەدەم
چوڭقۇرلاپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئىككى ئائىلىنىڭ تەق-
دىرى ئىككى خىل ئىدى، بىرى تەقدىرگە تەن بېرىدۇ،
يەنە بىرى زادىلا ئامال بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا غىزىپ-
لىنىش نەرە تارتىپ، تەقدىرگە جەڭ ئېلان قىلىدۇ. ئوخ-
شاش بولمىغان ئىككى خىل پوزىتسىيە بىر ـ بىرىگە
ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئاقىۋەتكە ئېلىپ كې-
لىدۇ. تام تاغىنىڭ قارشىلاشماسلىق يولى ئۇنىڭ ئاخىر
قۇلدارلارنىڭ قامچىسى ئاستىدا ئېچىنىشلىق بىلەن
ئۆلۈشىگە سەۋەب بولىدۇ، جورجى هاررىس ئائىلىسى
قۇلدارلىق تۈزۈم بىلەن كۈرەش قىلىپ، قۇلدارلارنىڭ
چاڭگىلىدىن قېچىپ قۇتۇلىدۇ ۋە ئاخىر ئەركىنلىككە
ئېرىشىپ، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر جەم بولىدۇ. رومانىنىڭ
مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئەسەردە گەرچە تام تاغا ۋە ئۇ-
نىڭ ئائىلىسىنىڭ پاجىئەلىك كەچۈرمىشلىرى كۆپ-
رەك ھەم تولۇقراق تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما،

ھاررىس ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ خۇشاللىق ۋە قايغۇ ـ ئە-
لەملىرى، ئاخىردا بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ جەم بو-
لۇشى كىشىلەرگە تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىر بېرىدۇ.
ھاررىس ئائىلىسىدىكىلەر تام ئائىلىسىدىكىلەردەك ئۇز-
داق مۆمىن، ئىتائەتمەن ئەمەس ئىدى، ئۇلار ئوخشاشلا
پاجىئەلىك تەقدىرگە دۇچار بولغاندا، تام تاغا قۇلدارلارغا
نىسبەتەن يەنىلا خام خىيالدا بولىدۇ، تەقدىرىم ئۇنچىۋالا
يامان بولۇپ كەتمەيدۇ، كېلەچەكتىكى قۇلدارلىرىمۇ ماڭا
ھازىرقى خوجايىنلىرىمغا ئوخشاشلا مۇئامىلە قىلىدۇ
دەپ قاراپ، ھوشىنى تاپمايدۇ، قارشىلىق كۆرسەتمەيدۇ.
ئەمما، ھاررىس ئادالەتسىز تەقدىرنىڭ ئېزىشى بىلەن
ئويغىنىدۇ. ئۇ تەقدىرنىڭ ئۆزىنى خالىغانچە ئوينىتى-
شىغا، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى بوزەك قىلىشىغا، ئائىلى-
سىنىڭ مۇشۇنداقلا ۋەيران بولۇشىغا تەن بەرمەيدۇ. بۇ
رەزىل جەمئىيەتنى ئاغدۇرۇشقا كۈچى يەتمىگەن ئىكەن،
مۇنداق رەزىللىك بولمىغان يېڭى جەمئىيەتكە قېچىپ
كەتمەكچى بولىدۇ. ھاررىسنىڭ كاللىسىدا مۇنداق ئىدى-
يىنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۇنىڭ زاۋۇتتا ئىشلەشكە ئىجارىگە
بېرىلىپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن ئۇچراشقان-
لىقى، تاشقى دۇنيادىن خەۋەر تاپقانلىقى، شۇ سەۋەبتىن
مەلۇم دەرىجىدە دېموكراتىك ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچ-
رىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇ غەزەپلىك تىغ

ئۇچىنى بىۋاستە ھالدا جەمئىيەتكە، تەڭرىگە، قۇلدار-لارغا، زۇلمەتلىك قۇلدارلىق تۈزۈمىگە قارىتىدۇ. ئۇ ۋار-قىراپ تۇرۇپ: باشقىلارنىڭ مېنى ئۆز ئىگىدارچىلىقىغا ئېلىۋېلىشىغا كىم ھوقۇق بەرگەن؟ دەپ سوئال قويىدۇ. ھارىرىسنىڭ مۇنداق ئاڭلىق ھالدىكى ئىسيانكارلىقى تام تاغىنىڭ باشتىن- ئاخىر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىتا-ئەتمەنلىكى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولغان.

ئاپتور پۈتۈن ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئاجايىپ كۈچ سەرپ قىلغان. ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى تام بىلەن ھارىرىس-تىن ئىبارەت ئىككى يىپ ئۇچىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇلۇپ، كىرىشتۈرۈپ بايان قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان سەرگۈزەشتىلىرى، قۇلدارلىق تۈزۈمىگە بولغان ئوخشاش بولمىغان پوزىت-سىيىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەقدىرى تەسۋىرلەپ بېرىلگەن، بىر- بىرىدىن مۇستەقىل تۇرغان، شۇنداقلا يەنە ئۆزئارا ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن ئىككى مۇكەممەل ھېكايە ۋەقەلىكى تەشكىل قىلىنغان، بۇ ئىككىسى روشەن سېلىشتۇرما قىلىنغان ھالدا كى-شىلەرنى چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە قىلىدۇ.

ئەسەر باشلىنىش بىلەنلا، ئۇنىڭدىكى ئىككى يىپ ئۇچى بىر- بىرىگە باغلانغان ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئۇلار ئىككىلىسىلا قۇل بولۇپ، ئوخشاشلا ئىنسان

قىلىپىدىن چىققان مۇئامىلىلەرگە ئۇچرايدۇ. قورۇقتا ئەمگەك قىلىدىغان تام قورۇق ئىگىسى شىلىۋېلىنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالغاچقا، غوجىدار بولىدۇ. ھاررىس بىر زاۋۇتقا ئىجارىگە بېرىلىپ، خوجايىنىنىڭ خورلۇقلىرىنى يەتكۈچە تارتىدۇ. ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، تام قورۇق ئىگىسىنىڭ مۇلايىم، سېخىيلىك چۈمپەردىسى ئاستىدىكى ساختا مۇئامىلىنىڭ تەسىرىدە ئىدىيىسى بارغانسېرى بىخۇدلىشىپ، قورۇق ئىگىسىگە قارىتا ياخشى قاراشتا بولىدۇ، ئۆزىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىۋاتقانلىقى، ئېزىلىۋاتقانلىقىنى زادىلا بىلمەيدۇ. ھاررىس يەتكۈچە خورلۇق تارتقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە زاۋۇتتا بەزى دېموكراتىك ئىدىيىلەر بىلەن ئۇچراشقان بولغاچقا، قورۇق ئىگىلىرى، قۇلدارلارنىڭ رەزىل ئەپت – بەشىرىسىنى تونۇپ يېتىدۇ ۋە كالللىسىدا قارشىلىق كۆرسىتىش ئىدىيىسى پەيدا بولىدۇ. ئەسەردىكى ئىككى يىپ ئۇچى بىرلىشىپ كېتىدۇ، بىر – بىرىگە ئوخشاشقاندەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر – بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، ئىككى پېرسوناژنىڭ ئىدىيىسىدىكى پەرقلەر ھېكايە ۋەقەلىكىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ئىككى يىپ ئۇچىنىڭ بىر – بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ.

ئىككى يىپ ئۇچىنىڭ بىر – بىرىدىن ئايرىلىشى شىلبىنىڭ قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىپ، قۇللارنى سېتىپ

قىرز قايتۇرۇشىدىن باشلىنىدۇ. باشتا، ئىككى پېرسوناژ ئوخشاش تەقدىرگە دۇچ كېلىدۇ، تام ۋە ھارىرىسىنىڭ ئوغلى سېتىۋېتىلمەكچى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا تېپىمۇ ئېچىنىشلىق بولغان قۇللۇق تۇرمۇش ۋە بالا-چاقىلىرىدىن ئايرىلىش، ئائىلىسىنىڭ ۋەيران بولۇشىدەك تەقدىر تۇراتتى. ئەمما، ئىككى كىشىنىڭ ئىدىيىسىدىكى پەرقلەر ئۇلارنىڭ تەقدىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىنى بەلگىلىگەن، شۇنىڭ بىلەن ئىككى يىپ ئۇچى ئايرىلىشقا باشلايدۇ.

ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتى بىلەن، تۇنجى قېتىم ئىككى يىپ ئۇچىنىڭ قوشۇلۇش ئېھتىماللىقى مەيدانغا چىقىدۇ. ئېلىزا ئوغلىنى ئېلىپ، خۇددى مۆجىزىلەردىكىدەك ئوھىئو دەرياسىدىن ئۆتۈپ، دەريانىڭ ئۇ قېتىدا ئەر-خوتۇن جەم بولىدۇ. ئىز قوغلىغۇچىلار قوغلاپ كەلگەچكە، ئۇلار ئىلاجسىز كېمە بىلەن كاناداغا ئۆتۈپ كېتىپ ئەركىنلىككە ئېرىشىدۇ. تام تاغا سان كىلارنىڭ قىزى ئىۋانى قۇتقۇزۇپ قالغان بولغاچقا، سان كىلارنىڭ ئۆزىگە ئەركىنلىك بېرىش توغرىسىدىكى ئاغزاكى ۋەدىسىگە ئېرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئەركىنلىككە ئېرىشىدۇ، يەنە بىرى ئۈمىدىنى قورۇق ئىگىسىگە باغلايدۇ. ئەسەردىكى ئىككى يىپ ئۇچى ئىككى خىل تەقدىر ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا

بىر نۇقتىدا ئۇچرىشىدىغاندەك قىلاتتى، ئەمما، قورۇق ئىگىسىنىڭ تەبىئىتى سەۋەبىدىن زادىلا ئۇچرىشالمايدۇ. سان كىلارنىڭ ئاغزاكى ۋەدىسى ئەمەلىيلەشمەي، قايتا-قايتا كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتىۋېرىدۇ. ئاخىر، سان كىلارنىڭ تويۇقسىز قازا قىلىشى بىلەن، تامنىڭ قورۇق ئىگىسىگە تايىنىپ ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈمىدى يوققا چىقىدۇ، تام ئىنتايىن ۋەھشىي، ئۆزىنىڭ ئادەمىيلىك تەبىئىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان بىر زومىگەرگە سىتىۋېتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەسەردىكى ئىككى يىپ ئۇچى يەنە بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ تەرەققىي قىلىدۇ.

زومىگەر لېگلېرنىڭ قورۇقىدا تام ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ، ئىككى خىل تەقدىر، ئىككى يىپ ئۇچى يەنە بىر قېتىم بىر-بىرىگە قوشۇلۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. تام يەتكۈچە خورلۇق تارتقان كەيسى ۋە ئېمىلىنىنىڭ قورۇقتىن قېچىپ كېتىشىگە ياردەم بېرىدۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭمۇ قېچىش پۇرسىتى كەلگەنىدى، ئەمما، تام قاچمايدۇ، نەتىجىدە ھالاكەتلىك تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

روماندىكى ئىككى يىپ ئۇچى مانا شۇنداق قوشۇلىدۇ، ئايرىلىدۇ، يەنە قوشۇلىدۇ، يەنە ئايرىلىدۇ، ئۆزئارا گىرەلىشىپ ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ، بىر-بىرىگە روشەن سېلىشتۇرما قىلىنىدۇ.

پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش جەھەتتە ئاپتور سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان، ئاساسلىقى پېرسوناژلارنىڭ تىلى ئارقىلىق پېرسوناژلار ئوبرازىنى ياراتقان. ئاپتور ئاساسىي پېرسوناژ بولغان تام ئوبرازىنى يارىتىشقا ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە هاررىس ۋە بىر تۈركۈم خاراكتېرى ھەر خىل بولغان ئوبرازلارنى ياراتقان.

تام خېلىلا مۇرەككەپ ئوبراز بولۇپ، ئۇنىڭ ئىدىيىسىگە دىن تامغىسى بېسىلغان، شۇڭا، ئۇ ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلىدۇ، قارشىلاشماسلىق يولىنى تۇتىدۇ، بارلىق ئۈمىدىنى خۇداغا باغلايدۇ. ئەمما، ئۇ نېمىلا بولمىسۇن، قەيسەر، جىگەرلىك ئەر، رەزىل كۈچلەر ئالدىدا زادىلا باش ئەگمەيدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىنىڭ ئاشۇنداق بولۇشىنىڭ قۇللۇق تۈزۈم ئاستىدا مۇقەررەر سەۋەبى بار ئىدى. ئاپتور بۇ شەخسنى خۇددى ھەقىقىي ئۆتكەن شەخستەك شۇنداق جانلىق تەسۋىرلىگەنكى، كىتابنى ئوقۇغان ھەرقانداق كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدۇ.

ئەسەردىكى كۆپلىگەن شەخسلەر ئىچىدە، كىشىگە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر بېرىدىغىنى ئۇنىڭدىكى ئىككىنچى باش قەھرىمان هاررىس. ئۇ كېلىشكەن، ياش، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم. ئۇ ئەركىنلىككە ئىنتىلىدۇ،

قارشىلىق كۆرسىتىش روھىغا باي، ئۇ ئەينى چاغدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئويغانغان نېگىر قۇللارنىڭ ۋەكىلى. بۇ ئوبراز تەسۋىرىدىكى ئەڭ ئېسىل كۆرۈنۈش — ئىسپان بەگزادىسى قىياپىتىدە ياسىنىپ قېچىپ ماڭغان كۆرۈنۈشتۇر. ئەسەردە جورجى ھاررىسنىڭ ئەقىللىق، باتۇرلۇقى، ئەركىنلىك ئۈچۈن ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان جاسارىتى تەسۋىرلەنگەن، ئۇنىڭ مېھمانخانىدا زاۋۇت باشلىقى ۋىلسونغا ئېيتقان سۆزى ئاجايىپ مەردانە بولۇپ، بۇ سۆز ياخشى نىيەتلىك، ئەمما مۇتەئەسسىپ بولغان ۋىلسوننى ئىختىيارسىز قايىل قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھاررىسنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىشىگە ئىلھام بېرىدۇ ۋە مادىي ياردەم بېرىدۇ، ئاپتور بۇ پېرسوناژنى تەسۋىرلىگەندە، ئۇنى تام تاغىغا كۈچ سەرپ قىلغاندەك مۇكەممەل تەسۋىرلىمىگەن، بىز ئەسەردە ئۇنىڭ ئوبرازىنىڭ تولۇق تەرەققىياتىنى ئۇچرىتالمايمىز. ئۇنىڭ ئۆتمۈشى، ئۇلار بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ كاناداغا بارغاندىن كېيىنكى تۇرمۇشى ھەمدە ئۇنىڭ فرانسىيىگە بېرىپ ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن لىبېرىيىگە بېرىپ بىر نېگىرلار دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئىرادە باغلىغانلىقىدەك جەريانلار ئاددىيراق يېزىلغاچقا، كىشىنى تازا قايىل قىلالمايدۇ.

ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئەسەردە يەنە خاراكتېرى ھەر

خىل بولغان خىلى نۇرغۇن پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلغان. نېگىر قۇل ئايال كەيسى گۈزەل بولغانلىقى سەۋەبىدىن يەتكۈچە خورلۇق تارتىدۇ، نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. كۈچلۈك ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە جورجى بەگزادە دادىسى تامنى سېتىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنى قايتۇرۇپ سېتىۋېلىش ئۈچۈن خىلى تىرىشىپ كۆرىدۇ. لېگلىر ۋەھشىي، ياۋۇز، رەھىمسىز، ئىنسانىي تەبىئىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان بىر مۇتتەھەم. قۇل سودىگىرى خاللىي ئىنتايىن ئاچ كۆز، قارا نىيەت، زەھەرخەندە، ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئالداپ يۈرىدىغان، ئاق كۆڭۈل ئىنسان قىياپىتىگە كىرىۋالغان، ھەممە يەردە ئۆزىنىڭ «ئىنسانپەرۋەرلىكى» نى ماختاپ يۈرىدىغان شەخس. بۇ شەخسلەر ئاجايىپ جانلىق يارىتىلغان بولۇپ، رومانغا كۆپ ھۆسن قوشقان.

ئەمما، بۇ روماننىڭ ئىدىيىسى ۋە بەدىئىيلىكى جەھەتتە بەزى كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەرمۇ ساقلانغان، ئاپتور ستو خانىم كۈچلۈك دىنىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولغانلىقى سەۋەبىدىن، كىتابنى يازغاندا كۈچلۈك دىن تارقىتىش ئىدىيىسى ۋە ئارزۇسىدىن خالىي بولالمىغان. روماندىكى باش قەھرىمان تام قولىدىن «ئىنجىل» چۈشمەيدىغان ئىخلاسمەن خرىستىئان مۇرىتى، «ئىنجىل» ئۇنىڭ بارلىق بەختسىزلىكلەرگە

سەۋر ـ تاقەت قىلىشىدىكى روھىي كۈچ ۋە تۈۋرۈك. ئەمما، ئۇ دەل خرىستىئان ئەقىدىلىرىگە ئىشىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا قارشىلىشىش روھى يوق، ئۇ پەقەت خوجايىنىغا ياۋاشلىق بىلەن بىر ئۆمۈر سادىق بولۇپ، ئىتائەتمەنلىك قىلىشنىلا بىلىدىغان بىر غالچىغا ئايلىنىپ قالغان. شېلبى ئۇنى سېتىۋېتىپ قەرزىنى تۆلەيدۇ، سان كلار ۋەدىسىگە ۋاپاسىزلىق قىلىدۇ، لېگلېر ئۇنى يەتكۈچە خورلايدۇ، ئەمما، تام بۇنىڭدىن زادىلا زارلانمايدۇ. تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى، ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا يەنە لېگلېر، سامبو، كومپپىر قاتارلىق مۇتتەھەم بۇزۇقلارنى كەچۈرىدۇ. ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى چىقىش قىلغان بۇ ۋەز ـ نەسىھەتلەر ئەسەرنىڭ ئىجابىي ئەھمىيىتىگە نۇقسان يەتكۈزگەن. ئىجادىيەت جەھەتتىمۇ بەزى روشەن كەمتۈكلۈكلەر بار، مەسىلەن، تىل، دىئالوگلار قوپال، جانسىز، ھەتتا شۇ شەخسنىڭ ئۆزىگە ماس كەلمەيدۇ، ئەسەر قۇرۇلمىسى چىڭ، پۇختا ئەمەس، قايغۇ ـ ھەسرەت، مەيۈسلۈك كەيپىياتى ئېغىر، ئەمما، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، بۇلار ئاپتورنىڭ ئامېرىكا جەمئىيىتى ۋە ئامېرىكا خەلقىگە قوشقان تۆھپىسىگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

## ئىجادىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى

ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدىن كېيىن قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەت بولۇپ، شىمالدىكى كاپىتالىستلار بىلەن جەنۇبتىكى دېھقانچىلىق مەيدانى خوجايىنلىرى ئورتاق ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دۆلەت ئىدى. شىمالدىكى كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى باشتىلا فېئودالىزمنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ، شەھەر كاپىتالىزمىنىڭ ئەركىن تەرەققىيات يولىغا ماڭغان. ئەمما، جەنۇبتىكى ھەرقايسى شتاتلاردا يەنىلا كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان قۇللۇق تۈزۈم مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى، دېھقانچىلىق مەيدانى خوجايىنلىرى كەڭ نېگىرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىپ، قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكنى تىكلىگەنىدى. بۇلار ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا چوڭقۇر زىددىيەتلەرنى پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، 1861 — 1865 ـ يىللىرى ئامېرىكىدا جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى، يەنى نېگىر قۇللارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشى پارتلىدى. بۇ ئۇرۇش شىمالنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى، قۇللۇق تۈزۈم بىكار قىلىندى، نېگىرلارنىڭ «ئازاد قىلىنغانلىقى» جاكارلاندى، جەنۇب ـ شىمالنىڭ بىرلىككە كېلىشى ئەمەلگە ئاشتى.

بۇ، ئامېرىكا تارىخىدىكى 2 ـ قېتىملىق بۇرژۇئا ئىنقىلابى بولۇپ، «ئىنتايىن ئۇلۇغ، دۇنياۋى تارىخىي خاراكتېرلىك، ئىلغار ۋە ئىنقىلابىي ئەھمىيەتكە ئىگە» ئىدى.

20 ـ يىللاردىن تارتىپلا، نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرىدە قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ زۇلمەتلىكلىكى ۋە چىرىكلىكىنى پاش قىلغان، نېگىر قۇللارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىگە ھېسداشلىق قىلغانىدى. ئېمېرسون، لوڭفېللوۋ قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدە قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش تېمىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ھەرىكىتى قوزغالغاندىن كېيىن ۋە جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان نۇرغۇن يازغۇچىلار ۋە ئەسەرلەر مەيدانغا چىققانىدى. رىچارد ھىلدېرىس (1807—1865) نىڭ رومانى «ئاق تەنلىك قۇل» (1863)، ۋىتتيېر (1807—1892) نىڭ شېئىرلار توپلىمى «قۇللارنى ئازاد قىلىش مەسىلىسى كۆرگەزمىسىدە يېزىلغان شېئىرلار» (1838)، «ئەركىنلىك ساداسى» (1849)، «ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلى ۋە باشقىلار» (1864) قاتارلىقلار قۇللارنى ئازاد قىلىش مەزمۇنىدىكى مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلەردۇر. ستو خانىم قۇللارنى ئازاد قىلىشنى تەشەببۇس قىلغۇچى يازغۇچىلارنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلىدۇر.

رومانىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئەينى چاغدىكى ئامېرىكا جەمئىيىتىدە ناھايىتى تېزلا زور تەسىر قوزغىغان. بىر تەرەپتىن قۇلدارلار، قوروۇق ئىگىلىرى قاتارلىق قۇللۇق تۈزۈمنى قوغدىغۇچىلار قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشكەن ئەكسىيەتچى ئەدىبلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ستو خانىمنىڭ بۇ ئەسىرىنى ھە دەپ بۇرمىلىغان ۋە ھاقارەتلىگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى كەڭ خەلق، سول قانات زىيالىيلار، بارلىق دۇرۇس، ۋىجدانلىق زاتلار «تام تاغىنىڭ كەپىسى» ناملىق ئەسەر ئارقىلىق قۇللۇق تۈزۈمنىڭ جىنايەتلىرىنى تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈۋالغان ۋە ئارقا ـ ئارقىدىن ئاپتورنىڭ مەيدانىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، بۇلار رومانىنى ئامېرىكىدىكى قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىش ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىنقىلابىي جامائەت پىكرىگە ئايلاندۇرغان.

رومانىنىڭ نەشر قىلىنىشى ۋە 1859 ـ يىلى كۆتۈرۈلگەن جون بروۋن رەھبەرلىكىدىكى نېگىر قۇللار قوزغىلىڭى ئامېرىكىنىڭ جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى ھارپىسىدىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئەڭ تارتقان چوڭ ۋەقە بولۇپ قالغان. ھەتتا بەزىلەر ئامېرىكىدىكى جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى بۇ رومانىنىڭ تەسىرىدە قوزغالغان قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىش جە-

ھەتتىكى كۈچلۈك سادالار ۋە ئارزۇلارنىڭ نەتىجىسى دېگەن. نېگىر قۇللارنى ئازاد قىلىش ئۈرۈشىغا رەھبەرلىك قىلغان زۇڭتۇڭ لىنكولىن شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ستو خانىمنى قوبۇل قىلغان ھەمدە ئۇنى «بىر كىتاب يېزىپ، بىر چوڭ ئۇرۇشنىڭ پارتلىشىغا سەۋەبچى بولغان ئايال» دەپ ئاتىغان.

## پېرسوناژلارنى تونۇشتۇرۇش

تام: چوڭ ئىككىنزارلىق خوجايىنى شېلبىنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان قۇل. ئۇ ئاق كۆڭۈل، دۇرۇس، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئىخلاسمەن خرىستىئان مۇرتى بولۇپ، خرىستوسقا چوڭقۇر ئىشىنىدۇ، خوجايىنىغا ئىنتايىن سادىق ھەمدە سۆزسىز ئىتائەت قىلىدىغان، ئىنتايىن ئىتائەتمەن، خوجايىنىنىڭ مەنپەئەتىنى سادىقلىق بىلەن قوغدايدىغان نېگىر قۇل. ئەمما، خوجايىنى شېلبى ئۇنى قەرزگە ھېسابلاپ سېتىۋېتىدۇ، كېيىن ئۇ يەنە نەچچە قېتىم سېتىۋېتىلىدۇ، نۇرغۇن خورلۇق ۋە ئازابلارنى تارتىپ، ئاخىر قۇلدار لېگلېرنىڭ قامچىسى ئاستىدا پاجىئەلىك ھالدا جان ئۈزىدۇ.

ئېلىزا: قارشىلىق كۆرسىتىش روھىغا ئىگە ئايال نېگىر قۇللارنىڭ ۋەكىلى. ئۇ ئوغلىنىڭ قەرز ھېسابىغا

سىتىۋېتىلمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، دەرھال ئوغلىنى ئېلىپ ئۆلۈم خەۋپىگە قارىماي قاچىدۇ، ئۇ نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، قوغلاپ كېلىۋاتقانلارغا باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئاخىر كاناداغا قېچىپ بېرىپ ئەركىنلىككە ئېرىشىدۇ.

**ھاررىس:** ئېلىزانىڭ ئېرى، كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسىتىش روھىغا ئىگە. ئۇ باتۇرلۇق بىلەن قولىغا قورال ئېلىپ، قۇل سودىگەرلىرى بىلەن كۈرەش قىلىدۇ.

**ھاررى:** قۇل سودىگىرى، تامنى سېتىۋېتىدۇ.

**سان كلار:** تامنىڭ كېيىنكى خوجايىنى، قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىشنى تەشەببۇس قىلغۇچى، يېڭى ئورلىئانلىق مۇتىۋەر. كېيىن قەستكە ئۇچراپ ئۆلىدۇ.

**ئېۋا:** كىچىك قىز، تامنىڭ دوستى. ئۇنىڭ تەلىپى بىلەن دادىسى سان كلار تامنى سېتىۋېلىپ ئائىلىسىگە ئېلىپ كېلىدۇ.

**لېگلېر:** تامنىڭ كېيىنكى خوجايىنى، چوڭ ئېكىنزارلىقنىڭ خوجايىنى. ياش ۋاقتىدا دۇنيادا بار يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغان، ئانىسى توغرا يولدا مېڭىشقا نەسىھەت قىلسا، ئەسەبىيلىشىپ بىرلا تېپىپ ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، رەھىمسىز، ۋەھشىي ئەبلەخ. ئۇ پاختىزارلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن،

نېگىر قۇللارنىڭ قان ـ تەرىنى يەتكۈچە شورايدۇ.

## ئوقۇش ئەسكەرتمىسى ۋە مۇھىم نۇقتىلار

19 ـ ئەسىردىكى ئادەتتىكى رومانلارغا ئوخشاش «تام تاغىنىنىڭ كەپىسى» نىڭ ھېكايە ۋەقەلىكىمۇ بىر ئائىلىدىن باشلىنىدۇ، كېيىن بۇ ئائىلىدىكى قۇللار ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. بىر قىسمى ھۆرلۈك تولغان شىمالغا قاراپ قېچىپ كېتىدۇ، بىر قىسمى بەختكە قارشى زۇلمەت قاپلىغان جەنۇبقا سېتىۋېتىلىدۇ. كېيىنكى ۋەقەلىكلەردە، ھەرقايسى شەخسلەر بېشىدىن كەچۈرگەن خەۋپ ـ خەتەرلەر، ئۇلارنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى ۋە بۇ جەرياندا ئېرىشكەن تەسىراتلىرى بايان قىلىنىدۇ. گەرچە بۇ قۇللار ھەرقايسى جايلاردا بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ تەقدىرى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئوخشاش بولۇپ، ھەممىسى پاجىئە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. پۈتۈن كىتابتىكى 45 باب ئىچىدە، كاناداغا قېچىپ كەتكەن ئىلىزانىڭ ۋەقەلىكى ئون باب، لۇئىزانا شتاتىغا سېتىۋېتىلگەن تام تاغىنىنىڭ ۋەقەلىكى 27 باب يېزىلغان، ھېكايىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى تام تاغىنىنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرى ۋە مېھرىبانلىقىغا قارىتىلغان.

روماندا قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ئىنە-
تايىن رېئال ۋە چوڭقۇر پاش قىلىنغان، بۇنىڭدىن
مەقسەت «پۈتۈن جەمئىيەتكە قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ئەڭ
يىرگىنىچلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش» ئۈچۈن
ئىدى. «تام تاغىنىڭ كەپىسى» دە نۇرغۇن قۇللار يې-
زىلغان، ئۇلار قۇلدارلارنىڭ زۇلۇمىغا زادىلا چىدىماي،
ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئازادلىقىنى
قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقان، ئەسەردىكى قۇل ئايال ئە-
لىزا مانا شۇنداق شەخسلەردىن بولۇپ، روماندا ئەينى
چاغدىكى شەخسلەر بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى
قارىمۇقارشىلىق ئەمەلىيىتى ئىپادىلەنگەن. نېگىر ئىش-
چى جورجىنىڭ ئوبرازى ستو خانىمنىڭ قۇللۇقنى بە-
كار قىلىش ئەدەبىياتىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىسىدۇر.
ئۇ قۇلدارلار تارقاتقان خرىستىئان دىنىنىڭ ئېزىلگۈ-
چىلەرنى زەھەرلەيدىغان تەلىماتلىرىنى قوبۇل قىلىشنى
رەت قىلىپ، مەردانىلىك بىلەن «كىم ئۇلارنى مېنىڭ
خوجايىنىم قىلىپ قويدى؟» دەپ سوئال قويىدۇ. ئۇ
كانادادا قېچىپ كېتىۋاتقان يولدا باتۇرلۇق بىلەن قولىغا
قورال ئېلىپ، ئۆزىنى تۇتۇش ئۈچۈن قوغلاپ كەلگەن
قۇل سودىگەرلىرىگە ئوق چىقىرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈرە-
شى ئارقىلىق ھۆرلۈكنى غەلىبىلىك ھالدا قولغا
كەلتۈرگەن نېگىرلارنىڭ ئوبرازىدۇر.

ئەسەردە ئۆلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەقدىرى ئار-
قىلىق ۋەھشىي قۇللۇق تۈزۈم ئۈستىدىن قاتتىق شى-
كايەت قىلىنغان، پەقەت كۈرەش قىلغاندىلا ئاندىن قۇللار
چىقىش يولى تاپالايدىغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن، بۇ
ئەسەر نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، دەرھال دۆلەت ئى-
چى- سىرتىدا زور زىلزىلە پەيدا قىلغان. قۇللۇقنى
بىكار قىلىش ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى
ئوينىغان، شۇ سەۋەبتىن لىنكولىن زۇڭتۇڭنىڭ ناھا-
يىتى يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئەسەردە يەنە پاسسىپ
ئىدىيمۇ بار، بۇ ئاساسلىقى تامنىڭ خرىستىئان دىنى-
نىڭ مېھرىبانلىق، ئەپۇ قىلىش ئىدىيىسىنى تارقىتى-
شى، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى،
خرىستوسنىڭ ئىلتىپاتىنى كۈتۈشنى تەرغىب قىلى-
شىدىن ئىبارەت.

بۇ ئەسەردىن قويۇق رومانتىك پۇراق چىقىپ تۇرى-
دۇ. ئەسەردىكى بەزى ۋەقەلىك ۋە كۆرۈنۈشلەردە تەنقىدىي
رېئالىزملىق ئەسەرلەردىكىدەك ئۇنداق ئوبيېكتىپ ۋە
دەسلەپكى تەسۋىرگە ئەھمىيەت بېرىلمەي، بەلكى ئۇ
ئاجايىپ رومانتىك تۈسكە ئىگە قىلىنغان. مەسىلەن،
ئايال قۇل ئېلىزانىڭ بالىسىنى ئېلىپ مۇزلۇق دەر-
يادىن ئۆتۈشى قاتارلىق كۆرۈنۈشلەر. ئۇنىڭدىن تاشقى-
رى، ئەسەردە پېرسوناژلار ئوبرازى تەنقىدىي رېئالىستىك

ئەسەرلەردىكىدەك ئۇنداق تىپىكلەشتۈرۈپ يارىتىلمىغان، پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرى كەمچىل، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئىنچىكە، ئىندىۋىدۇئال تىل ۋە ھەرىكەتلەر بىلەن گەۋدىلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلمىگەن.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAzMjY1Mjkuemlw",
  "filename_decoded": "40326529.zip",
  "filesize": 12194728,
  "md5": "389d27fba0f44d54b4630d54e1b27a12",
  "header_md5": "ae1bf6f0ee10d9f1abf354e1dd2203aa",
  "sha1": "ad4a3b38bce5dcff7d4b7355881f8f00e2ef0d9e",
  "sha256": "aa5f2bd6527e9d45a205cd39cd5d13f409f9448c57ed17b45210ebb258839ac4",
  "crc32": 4215082207,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 12533146,
  "pdg_dir_name": "\u2560\u2514\u2500\u2556\u2569\u03c3\u2569\u03c3\u2561\u2500\u2568\u00ed\u256c\u258c\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40326529",
  "pdg_main_pages_found": 209,
  "pdg_main_pages_max": 209,
  "total_pages": 214,
  "total_pixels": 587559280,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}